# ئانا يۇرت

ISSN:2147-8031 پەسىللىك | ئىلمىي - پىكرىي ژۇرنال


- باش تەھرىر: مۇسۇلمانلارنىڭ ئويغىنىشى ۋە ئۇيغۇلارنىڭ ئىدىيە مەسلىسى
- نۇرئەھمەت قۇربان: قۇرئان تەپسىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ھەققىدە
- ئەركىن ئەكرەم: مىسىردىكى سىياسىي ئۆزگىرىشلەر ۋە خىتاينىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىدىكى ئىنكاسى
- قۇربان ۋەلى: تارىم ئويمانلىقىدىكى بۆرە توتېمى
- ئالىمجان ئىنايەت: تېبو - ئىستراتېگىيە ۋە مىسسىيونېرلىق نۇقتىسىدىن شەرقىي تۈركىستان
- شىنمېن ياسۇشى: شەرقىي تۈركىستانلىقلار نەزىرىدىكى چىن
- ئۆمەرجان نۇرى: خىتايلارنىڭ ئۇيغۇر يېگەنلىكى ھەققىدىكى ئۆز خاتىرىسى


2013/3

يىل: 1 / سان: 3

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com


# ئانا يۇرت

(تور ژۇرنىلى)

ISSN:2147-8031

1 - يىل ئومۇمىي 3 - سان
(ئىيۇل، ئاۋغۇست، سېنتەبىر)
2013


**ساھىبى: د.نۇرئەھمەت قۇربان**

**باش تەھرىر: د.ئەركىن ئەكرەم**

**تەھرىر ھەيئىتى**

د. ئەسەت سۇلايمان
د.ئالىمجان ئىنايەت
د. ئەركىن سىدىق
د.ئەركىن ئەمەت
مەمتىمىن ئەلا

بەتچىك: ئىلياس

تور بەت ئادرېسى
www.anayurtjurnili.com
ئېلخەت ئادرېسى
info@anayurtjurnili.com

ئەسكەرتىش: ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ئاپتورلارغا ئائىت بولۇپ، ژۇرنال ھېچقانداق قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. شۇنداقلا ھەرتۈرلۈك نەشر ھوقۇقىنىڭ ژۇرنالغا تەۋە ئىكەنلىكىنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە خاتىرىلىتىدۇ.

# ئانا يۇرت

پەسىللىك ئىلمىي - پىكرىي ژۇرنال

# بۇ ساندا

**باش تەھرىر**

مۇسۇلمانلارنىڭ ئويغىنىشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيە مەسىلىسى ..................................... 3

**دوكتور نۇر ئەھمەت قۇربان**

قۇرئان تەپسىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ھەققىدە ............................................ 7

**دوكتور ئەركىن ئەكرەم**

مىسىردىكى سىياسىي ئۆزگىرىشلەر ۋە خىتاينىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىدىكى ئىنكاسى ............... 34

**ئارخېئولوگ قۇربان ۋەلى**

تارىم ئويمانلىقىدىكى بۆرە توتېمى ..................................................................... 97

**پىروف. دوكتور ئالىمجان ئىنايەت**

تېو - ئىستراتېگىيە ۋە مىسسىيونېرلىق نۇقتىسىدىن شەرقى تۈركىستان .................... 100

**شىنمېن ياسۇشى (ياپونىيە)**

شەرقىي تۈركىستانلىقلار نەزىرىدىكى چىن .............................................................. 107

**دوكتور ئۆمەرجان نۇرى**

خىتايلارنىڭ ئۇيغۇر يىگەنلىكى ھەققىدىكى ئۆز خاتىرىسى ..................................... 121

www.uyghurkitap.com

باش تەھرىر:

# مۇسۇلمانلارنىڭ ئويغىنىشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيە مەسىلىسى

بۈگۈنكى ۋەزىيەتتە ئەڭ كۆپ قان تۆكۈلۈۋاتقان يەر مۇسۇلمانلار دۇنياسىدۇر. تۇنىستىن مىسىر ۋە سۇرىيەگىچە بولغان ئوتتۇرا شەرق رايونىدا ئىلغار ۋە ئوتتۇرا قاتلام مۇسۇلمانلار، ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ مەۋجۇت سىياسىي تۈزۈمگە بولغان نارازىلىقلىرىنى ئاكتىپ خەلق ھەرىكەتلىرىنى قوزغاش ئارقىلىق ئىپادىلىمەكتە. بۇ مۇسۇلمانلار دىكتاتور ھاكىمىيەتلەرگە قارشى چىقماقتا ۋە باراۋەرلىك ھۆكۈم سۈرگەن مۇقىم ۋە باياشات جەمئىيەتتە ياشاشنى ئارزۇ قىلماقتا. لېكىن، يۈز بەرگەن ئىنقىلابلار كۆزلەنگەن نەتىجىلەرنى ئېلىپ كەلمىدى. مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىر مۇددەت داۋام قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئىلگىرىلەش بىلەن چېكىنىش باسقۇچلىرىنىڭ قايتىدىن باشلىنىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش قىيىن ئەمەس. مەزكۇر باسقۇچ ئوتتۇرا ئاسىياغىمۇ تەسىر كۆرسىتىشى ۋە مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ ئەڭ شەرقىي قىسمى بولغان شەرقىي تۈركىستانمۇ ۋاستىلىك ۋە بىۋاستە نېسىۋىسىنى ئېلىشى مۇمكىن.

> **مۇسۇلمان توپلۇقلارنىڭ تۈزۈلمە ئۆزگىرىشىنى پۇرسەت، دەپ بىلىپ، ئىسلامىي قىممەت - قاراشلارغا ئەھمىيەت بېرىدىغان ۋە مۇسۇلمانلارغا ماس شۇنداقلا ئاشقۇنلۇق يولىنى تۇتمايدىغان يېڭى ئىدىيە بىلەن ھاكىمىيەت ئۇقۇمىنى مەزمۇنغا ئىگە قىلىشى شەرت بولۇپ قالماقتا.**

19 - ئەسىردىن بويان، غەرب مەركەزلىك قىممەت - قاراشلار ۋە خەلقئارا سىستېمىنىڭ ئالدىدا ئۆزگە خاس تۈزۈم ۋە سىستېما تاپالمىغان ئىسلام دۇنياسىدا كۆپلىگەن مۇسۇلمان مۇتەپەككۇرلار غەربنى ئۈلگە قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمان توپلۇقلارنىڭ مودېرنلىششى ئۈچۈن ئىدىيە ئىزدەشكە ئاتلاندى؛ ئوخشاشلا، مۇسۇلمان ئەللىرىمۇ غەرب مەنبەلىك دۆلەت ئۇقۇمىغا ماس سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي سىياسەت يارىتىشقا تىرىشتى. لېكىن، مەزكۇر ئىدىيەلەر ۋە تۈزۈلمە ئۇسۇللىرى نە ئىسلامىي

قىممەت - قاراشلارنى ئاساس قىلغان مۇسۇلمانلارنى، نە سېكۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالمىدى.

> **مۇسۇلمان ئەللەر غەرب مەنبەلىك دۆلەت ئۇقۇمىغا ماس سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي سىياسەت يارىتىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، مەزكۇر ئىدىيەلەر ۋە تۈزۈلمە ئۇسۇللىرى نە ئىسلامىي قىممەت - قاراشلارنى ئاساس قىلغان مۇسۇلمانلارنى نە لايىك (سېكۇلارىزم) مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالمىدى.**

ئىككى قۇتۇپلۇق دۇنيا تۈزۈمىدىن كېيىن بىر قۇتۇپلۇق دۇنيا تۈزۈمىگە يىمىرىلىش ئالدىدا تۇرماقتا، مەۋجۇت دۇنيا تۈزۈمى ۋە سىياسىي مۇۋازىنەتلەر قايتىدىن شەكىللىنىش يولىغا قەدەم تاشلىماقتا. مۇسۇلمان توپلۇقلار بىر تۈزۈلمە ئۆزگىرىشىنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، ئىسلامىي قىممەت - قاراشلارغا ئەھمىيەت بېرىدىغان ۋە مۇسۇلمانلارغا ماس شۇنداقلا ئاشقۇنلۇق يولىنى تۇتمايدىغان يېڭى ئىدىيە بىلەن ھاكىمىيەت ئۇقۇمىنى مەزمۇنغا ئىگە قىلىشى شەرت بولۇپ قالماقتا. نەتىجىدە، ئاللاھ بۇ دۇنيانى ئۆلچەملىك ياراتقاندۇر. بۇ يېڭى تۈزۈم چۈشەنچىسى ۋە پىكرى بىلەن مۇسۇلمان خەلقلەر لايىق بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلار مۇقىم، باياشات، ئادىل ۋە باراۋەر ۋەزىيەتتە ھايات كەچۈرۈشنى نىشان قىلىشى لازىم. بۇنى بارلىق ئىنسانىيەت بىلەنمۇ ئورتاقلىششى كېرەك.

**يېڭى ئىدىيە يارىتىش ئۈچۈن ئىلىمگە ئېھتىياج بار.**

تارىختا ئىسلام دۆلەت ۋە جەمئىيەتلىرىدە ئەڭ باشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە خەلىپىلەر بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ھېچقانداق ئايرىمچىلىق قىلماستىن دىنىي ۋە پەننىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىشنى قوللىغانلىقى ۋە ئىلىم سۆيەرلەر ئىكەنلىكى مەلۇمدۇر.

بۇ نۇقتىدا ماۋەردى (947-1058) نىڭ ئېيتقىنىدەك، دۆلەت باشلىقلىرى ئىلىم ئىگىسى بولۇشى، دۆلەتنىڭ ئاساسمۇ ئىلىم ۋە ئادالەت ئۈستىگە بەرپا قىلىنىشى لازىم. ماۋەردىنىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ دەۋرىدە ئىلىم ئەھلىلىرى ھاكىمىيەتنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشمەكتە ۋە مۇكاپات بېرىلمەكتە ئىدى. ئىلىم ئىگىلەشكە رىغبەتلەندۈرگۈچى ئۇتتۇرا ئەسىر ئىسلام مەدەنىيىتى دۇنيا مەدەنىيىتىگە تۆھپە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قوشۇش بىلەن بىرگە دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىنى تەشكىل قىلغانىدى. لېكىن، ئىلىم - مەرىپەتنى قوللاش ۋە ئىلىم ئىگىلەشكە رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ ئاقىستىپ قويۇلۇشى ۋە كېسىپ تاشلىنىشى بىلەن بىرلىكتە ئېغىش ۋە خۇراپىيلىشىش تەرەپكە يۈزلەنگەنىدى. بۇ جەرياننىڭ باشلىنىشى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىنى مەنبە قىلغان غەرب مەدەنىيىتى گۈللىنىشكە يۈزلەنگەنىدى.

ئىلىم - مەرىپەتنى قوللاش ۋە ئۇنىڭغا رىغبەتلەندۈرۈش پائالىيەتلىرىنىڭ ئومۇملىششى، ئىسلامىيەتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىشى بىلەن بىرلىكتە رايوندا يېڭى بىر دەۋر باشلانغانىدى. ئاباسىي دۆلىتى ھۆكۈمدارلىرى ئىلىم - مەرىپەتنى قوللايتتى ۋە ئۇنىڭغا رىغبەتلەندۈرەتتى. 8 - ئەسىردىن ئېتىبارەن كۆپ ساندىكى پارسچە ئەسەرلەر ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنىپ، پارس كۈلتۈرىنىڭ ئىسلامىيلىششىغا يول ئاچتى. ئىلىم - ئېرپان پائالىيەتلىرى سامانىيلار دۆلىتى (874-999)، غەزنەۋىيلەر دۆلىتى (874-999) ۋە قاراخانىيلار دۆلىتىدىمۇ ئەمەلىيلەشكەن بولۇپ، شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئىلغار ئىلمىي مەھسۇلاتلىرى روياپقا چىققانىدى. ئەينى ۋاقىتتا، تۈرك تىللىرىنىڭ ئەھمىيىتىمۇ شۇ مەزگىلدە سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلىگەنىدى.

نەتىجىدە ئۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ يۇغۇرۇلۇشى رايوندا يېڭى بىر مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشىنى مەيدانغا كەلتۈرگەنىدى. مەسىلەن، ئۇ دەۋردە مۇھەممەد ئەلبۇخارى (810-869)، ئاسترونوم ئەبۇ مۇھەممەد ھامىد ئەلخوجەندى (10 - ئەسىر)، تېۋىپ ۋە ماتېماتىكا ئالىمى ئەلبەلخى (850-934)، پەيلاسوپ فارابى (870-950)، ئالىم ئىبنى سىنا (980-1037)، ئالىم ئەلبىرۇنى (973-1048)، جۇغراپىيە ئالىمى ئەبۇ سەئىد گاردەزى (1061-؟)، سىياسىيشۇناس يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1017-1077)، تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى (1008-1105) ۋە بۇنىڭدىن باشقا ئەبۇ مەنسۇر دەقىقى (977- ؟)، ئەبۇ سۇقۇر بەلخى (915-؟) ۋە ھەسەن كىسائى (953-1002) غا ئوخشاش تاجىك ئەدەبىياتچىلارمۇ بار. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بۇ مەدەنىيەت ھاۋزىسىدىن نېسىۋىسىنى ئېلىپ، گۈللىنىش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەنىدى.

مەدەنىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ نېگىزىدە ئىلىم ياتىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ئىلىم ئېلىش ئەر - ئايال بارلىق مۇسۇلمانلارغا پەرزدۇر»

دەپ ئىلىمنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلىگەنىدى. يەنە پەيغەمبىرىمىز «ھەر نەرسىنىڭ بىر يولى بار؛ جەننەتنىڭ يولى ئىلىمدۇر» دېيىش ئارقىلىق ئىلىمنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىنى قەيت قىلغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەينى ۋاقىتتا ئىلىم ئەھلىلىرىنىمۇ ئالاھىدە يۇقىرى ئورۇنغا قوياتتى: «قىيامەت كۈنى ئالىملارنىڭ سىياھى شېھىتلەرنىڭ قېنى بىلەن تارتىلىدۇ.»

ئىنگلىز پەيلاسوپ فرانسىس بېكون (1561ـ1626) ‹ئىلىم كۈچتۇر› دېگەنىدى. نۆۋەتتە پەن - تېخنىكا ۋاستىلىرى ئارقىلىق مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئاسان بولسىمۇ، ئۇ مەلۇمات ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ ئىدىيە يارىتىش ئاسان ئەمەس. ئەنگلىيەلىك مۇتەپەككۇر ئىسائىئاھ بېرلىن Isaiah Berlin (1909ـ1997)، ئىدىيە نە ۋاكۇئۇم ئىچىدە ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ نە جىنسىز كۆپەيمەيدۇ، دېگەنىدى. يەنى تەپەككۇر ئىلىم ئۈستىگە ئىنشا قىلىنىدۇ. ئۇ ئانالىز، بىرىكتۈرۈش، تۈرلەرگە ئايرىش ۋە خۇلاسە چىقىرىش باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتۈش ئارقىلىق ئىدىيەگە ئايلىنىشى مۇمكىن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەپەككۇرنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى: «بىر ئانلىق تەپەككۇر مىڭ يىللىق نەپلە ئىبادەتتىن ئەۋزەلدۇر.» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ «ئىلىمسىز قىلىنغان ئىبادەتتە، ئۇنۇمسىز ئىلىمدە، تەپەككۇر قىلىش تۈرتكە بولمايدىغان قۇرئان ئوقۇشتا ياخشىلىق يوقتۇر» دېگەنىدى.

**ئىلىم: ئانالىز، بىرىكتۈرۈش، تۈرلەرگە ئايرىش ۋە خۇلاسە چىقىرىش باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتۈش ئارقىلىق ئىدىيەگە ئايلىنىشى مۇمكىن.**

خۇلاسىلىگەندە، ئىلىمگە ئىگە بولغاندا ئىدىيەگە، ئىدىيەگە ئىگە بولغاندا يىراقنى كۆرۈشكە، يىراقنى كۆرۈشكە ئىگە بولغاندا كېلەچەككە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قارىشىچە، «ئىلىم بىلەن تىرىلگەن ئۆلمەيدۇ.» ئۇيغۇرلارمۇ ئىلىم ئارقىلىق تىرىلىشى، ئىلىم ئوتتۇرىغا قويۇشى ۋە دۇنياۋى ئىدىيە يارىتىش ئارقىلىق تارىختىكىگە ئوخشاشلا ئىنسانىيەتكە ۋە دۇنيا مەدەنىيىتىگە ھەسسە قوشۇشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلىشى كېرەك.■

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دوكتور نۇرمەھەممەت قۇربان

# قۇرئان تەپسىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخي تەرەققىياتى ھەققىدە

## كىرىش سۆز

ئىسلام ئەقىدىسىدە ھاياتلىق ھازىر بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيادىكى ھاياتتىنلا ئىبارەت ئەمەس. ئۇلۇغ ئاللاھ ئىنسانىنى يوقلۇقتىن بار قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئىككى ئالەملىك بىر ھايات ئاتا قىلغان. بىز ھازىر ئىچىدە ياشاۋاتقان دۇنيا ھاياتى، كەلگۈسىدە بىزنى كۈتۈپ تۇرغان ئەبەدىي ھاياتنىڭ تەييارلىق باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. دۇنيا ھاياتىدا ئىنسانلارنىڭ ئەبەدىي خۇشاللىقنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن كېرەك بولغان پۈتۈن ئىمكانىيەتلەر تەق قىلىنغان. ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بەخت - سائادەت يولىدىن ئاداشماسلىقى ئۈچۈن ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان ئۇزۇن تارىخي باسقۇچتا، نۇرغۇن يولباشچى ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەن. بۇ ئەلچىلەر ئىنسانلارنى توغرا يولدا مېڭىشقا يېتەكلەپ، يامان ئىشلاردىن توسقان. ئۇلار بۇ جەرياندا بىۋاسىتە ئۈلگە بولۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى بولغان ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك (ئەلچىلىك) ۋەزىپىسىنى ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان بىلەن تاماملىغان. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ساھابىلەر ۋە ساھابىلەردىن كېيىنكى نەسىل ئۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىشقا تىرىشقان ۋە بۇ كىتابنى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن كۈرەش قىلغان. چۈنكى قۇرئاننى ئومۇملاشتۇرۇش، پەقەت ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. دەرۋەقە ئۇنىڭ يولىيورۇقلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش يولىدا تارىختىن بۇيان نۇرغۇن ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن. ئىشىنىمىزكى، بۇ ھەقتىكى تىرىشچانلىقلار تاكى قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ. چۈنكى، ھاياتلىق باشلانغان كۈندىن باشلاپ قىيامەت كۈنىگىچە دۇنياغا كەلگەن ۋە كېلىدىغان ئىنسانىيەتنىڭ پۈتۈن ھاياتلىق نىزامى قۇرئان كەرىمگە مۇجەسسەملەنگەن. دېمەك، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى

بۇ كىتابنىڭ روھىغا ماسلاشتۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جەمئىيەتنىڭ قۇرئانى كەرىمنى چۈشىنىشكە بولغان ئېھتىياجى تېز سۈرئەتتە ئېشىپ بارماقتا. بۇ ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدە تەرجىمە ۋە تەپسىر پائالىيەتلىرى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلماقتا. بولۇپمۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ، قۇرئان تەرجىمىسى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان خىزمەتلەر ۋە قۇرئاننى تەپسىر قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان يېڭى كۆز قاراشلار ئۆتمۈشتىكىدىن پەرقلىق ھالدا يېڭى ئېقىملارنى شەكىللەندۈرمەكتە. تىلنىڭ قۇرۇلمىسى، تەپسىرچىنىڭ بىلىم سەۋىيەسى، ياشىغان دەۋرىنىڭ شەرت - شارائىتى ۋە تەپسىرچىنىڭ ياقىلىغان مېتودى بۇ ئېقىملارنىڭ شەكىللىنىشىگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ يەردە شۇ نۇقتىنى ئەسلىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىسلام ئالىملىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەسەرلەر ۋە ئوتتۇرىدىكى پەرقلىق كۆز قاراشلارغا، قارىمۇ قارشىلىق نۇقتىئىنەزىرىدىن ئەمەس، بەلكى قۇرئان كۈلتۈر خەزىنىسىنىڭ ئىلمي بايلىقلىرى نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ .

بۇ ساھەدىكى خىزمەتلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئىسلام دۇنياسىدا ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتە بىر قاتار ئىجابىي نەتىجىلەرنى روياپقا چىقارغان بولسىمۇ، بىر قىسىم پىكىر ئېقىملىرى قۇرئاننىڭ ئىلاھى كىتاب ئىكەنلىكىگە شەك چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ تەۋرەنمەس پىرىنسىپلىرىنى ئېتىبارسىز ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويماقتا. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى ئىسلام چەمبىرى ئىچىدە مەيدانغا كەلگەن ئىجتىھات خاتالىقى بولسىمۇ، يەنە بەزىلىرى يامان نىيەتنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە ئوقۇرمەنلەرنى قايمۇقتۇرماقتا. ئىككىنچى تۈردىكى مەھسۇللار ئادەتتە مۇسۇلمان بولمىغان كىشىلەر ياكى ئىسلام دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

جەمئىيىتىمىزدە بىلىم سەۋىيەسىنىڭ چەكلىكلىكى ياكى تەتقىقات مەنبەسىنىڭ كەمچىللىكى ۋەياكى قاراشلىرىنىڭ بىر تەرەپلىملىكى تۈپەيلىدىن بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار قۇرئاننى «مۇھەممەدنىڭ سۆزى» دەپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭ ئاساسسىز بىر سەپسەتىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ئاشكارا ھەقىقەتتۇر. دەرۋەقە بىر ساھەدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان ۋە تەتقىقاتىدا توغرا نەتىجىگە ئېرىشىشنى كۆزلىگەن ھەر بىر تەتقىقاتچى ئالدى بىلەن كونا كۆز قاراشلىرىدىن ئازاد بولۇشى،

ئاندىن ئوچۇق زېھنى بىلەن، مەزكۇر ساھەنىڭ مۆتىۋەر مەنبەلىرى ۋە تەتقىقات پىرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن ئۇسۇلدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى لازىم. ئەكسىچە بولغاندا، ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەتقىقات ئادىل بولماي قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئىلىمگە ئۆز ئۇسۇلى ۋە مەنبەسى دائىرىسىدە باھا بېرىلىشى كېرەك.

## 1- تەپسىر تېرمىنىنىڭ مەنىسى ھەققىدە بىر ئىككى ئېغىز سۆز

تىلىمىزدىكى «تەپسىر» كەلىمىسى ئەسلىدە ئەرەبچە سۆز بولۇپ، لۇغەت مەنىسى ئۈستى يېپىق بىر نەرسىنى ئېچىش ۋە ئوتتۇرىغا چىقىرىش دېگەنلىك بولىدۇ.[1] بەزى ھاللاردا بايان قىلىش ۋە ئىزاھلاش دېگەن مەنىدە كېلىپ، بىر سۆزنىڭ تەپسىلاتى ۋە يېشىمى دېگەن مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ. ئىسلام ئالىملىرى تەپسىر كەلىمىسىنىڭ تېرىم مەنىسى ھەققىدە بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان خىلمۇ خىل ئېنىقلىمىلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلارنى خۇلاسىلەپ ئېيتقان ۋاقتىمىزدا تەپسىر ئاتالغۇسىنى قىسقىچە «ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان كىتابى قۇرئاننىڭ مەنىسىنى ئىزاھلاپ بېرىدىغان، مەزمۇنىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان، بۇ كىتاب ئۆز ئىچىگە ئالغان ھېكمەت ۋە ھۆكۈملەرنى تەتقىق قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان بىر ئىلىم» دەپ يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن تەپسىر تېرمىنى، ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى قۇرئاننىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈشنى تېما قىلغان پۈتۈن پائالىيەتلەرگە قوللىنىشقا بولىدۇ.[2]

تەپسىر تارىخىدا، تەپسىر كەلىمىسى بىلەن بىللە قوللىنىلغان ئۇقۇملاردىن بىرى «تەۋىل» بولۇپ، ئۆلىمالارنىڭ بىر قىسمى تەۋىل ئۇقۇمىنى تەپسىر ئۇقۇمى بىلەن ئوخشاش مەنىدە دەپ قارىسا، يەنە بەزىلىرى ئۇنداق دەپ قارىمايدۇ. ئىسلام تارىخىنىڭ تۇنجى مەزگىللىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، تەپسىر ۋە تەۋىلنىڭ بىر - بىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كەتمىگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن، شۇ زامانىنىڭ ئۆلىمالىرىدىن بىرى، تەۋىل كەلىمىسىنى، سۆزنى ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈش ياكى كالامدا دېمەكچى بولغان مەقسىتىنىڭ ئۆزى ئەينىسى، دەپ قارىغان. كېيىنكى نەسىل فىقھىچىلىرى، كالامچىلىرى، ھەدىس ۋە تەسەۋۋۇپ ئالىملىرى بۇ كەلىمىنى

(1) ئىبنى مەنزۇر، «لىسانۇل ئەرەب»، 4 -جىلد، 369-بەت

(2) بۇ مەسىلە ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن قاراڭ: زەھەبىي، «ئەتتەفسىر ۋەلمۇفەسسىرۇن»، 1 -جىلد، 10-11-12- بەت ۋە ئابدۇل ئەزىيم ئەز - زەرقانىي، «مەناھىلۇل ئىرفان فى ئۇلۇمىل قۇرئان»، فىكر نەشرىياتى، بىرۇت 1996- يىلى، 1- جىلد، 5-4- بەت.

«بىر دەلىلگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، سۆزنىڭ ئاشكارا كۆرۈنگەن مەنىسىدىن چىقىپ، ئېھتىماللىقى بولغان مەنىلەردىن بىرىنى تاللاش» دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ سۆزلەر كېيىنكى چاغلاردا، فىقھى، كالام، تەسەۋۋۇپ ۋە ھەدىس ئالىملىرى تەرىپىدىن ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن پەرقلىق مەنىلەردە ئىشلىتىشنى ئادەت قىلىۋالغان. بۇ ئىككى ئۇقۇم ئارىسىدىكى پەرقلەرنى يىغىنچاقلىساق، تەپسىر ئاتالغۇسىنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى تەۋىل كەلىمىسىگە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭرەك دېيىشكە بولىدۇ. تەپسىردە، ئايەت ۋە ھەدىسلەر سايىسىدە كەسكىن بىر نەتىجە ئوتتۇرىغا قويۇلسا، تەۋىلدە، ئېھتىماللىقى بولغان مەنىلەردىن بىرىنى تاللاش ئاساس قىلىنىدۇ ۋە بۇ يەردە مۇئەللىپنىڭ مەزكۇر مەسىلە ھەققىدىكى كۆز قارىشى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.[3]

تەپسىرنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى ئەھۋالىنى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ دىققىتىگە سۇنۇشتىن ئىلگىرى تەپسىر ئىلمى ۋە ئۇنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى تەرەققىيات باسقۇچلىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتۈشنى زۆرۈر تاپتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندە بۇ ھەقتە بىرئاز توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 2- تەپسىر ئىلمىلىرى ۋە شەكىللىنىش جەريانى

قۇرئاننىڭ بىر قېتىمدىلا نازىل بولماستىن، تۇپتوغرا يىگىرمە ئۈچ يىلدا، ئايەت - ئايەت، سۈرە - سۈرە بىر بىرلەپ نازىل بولغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. نازىل قىلىنغان ھەر بىر ئايەت ۋەھيى كاتىپلىرى تەرىپىدىن يېزىلىپ تۇرغان ھەمدە بۇنى ساھابىلەرنىڭ كۆپ قىسمى يادقا ئېلىۋالغان. ھەزرىتى پەيغەمبەر نازىل بولغان ھەر بىر ئايەتنى جامائەتكە تەبلىغ قىلىپ بەرگەن ھەمدە ئۇنى ساھابىلەرنىڭ ئېسىدە قالدۇرۇش ئۈچۈن ھەر نامازدا ئۈنلۈك ئوقۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نازىل بولغان قۇرئان ئايەتلىرىنى، ئوخشاش بولمىغان شارائىت ۋە ئەھۋاللاردا ساھابىلەرگە ئىزاھلاپ ئۆتكەن. ساھابىلەر ئېنىق چۈشىنەلمىگەن ۋە تۇرمۇشتا تېخى ئۇچراتمىغان مەسىلىلەرنى پەيغەمبىرىمىزدىن سوراپ ئۇنىڭدىن قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشكەن. دېمەك ئۇ زاماندا ساھابىلەر يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئايرىم تەپسىر يېزىپ قالدۇرۇش ھېسسىياتىدا بولمىغان. ھەزرىتى پەيغەمبەرنىڭ بۇ ھەقتىكى بايانلىرىنى، ئاساسەن ھەدىس

(3) زەھەبىي، «ئەتتەفسىر ۋەلمۇفەسسىرۇن»، 1 -جىلد، 14- بەت.

www.uygurkitap.com

مەنبەلىرىنىڭ «كىتابۇتتەپسىر» بابلىرىدا ئۇچرىتىمىز. بۇنى قۇرئان تەپسىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى تۇنجى باشلىنىش دەپ قاراش مۇمكىن. بۇ يەردە شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇكى، قۇرئان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئىجاد قىلغان ۋە كېيىنچە كاتىپلىرىغا يازدۇرغان بىر كىتاب ئەمەس. قۇرئان، شەكسىز ھالدا ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ سۆزى بولۇپ، ئۇنى ھەر خىل ۋاستە ۋە يوللار ئارقىلىق پەيغەمبەرگە چۈشۈرگەن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك پەيغەمبەر ئۇنى شۇ زاماننىڭ ئۆزىدىلا خاتىرە قالدۇرغۇزغان ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يادلىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

ئاللاھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن قۇرئان ئايەتلىرىنى ئىزاھلىغان رىۋايەتلەرنى رەتلەپ، توپلاش ئىشلىرى ناھايىتى ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىلغان. بۇ دەۋردە تەپسىرگە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرنىڭ ئىشەنچلىك رىۋايەت زەنجىرى ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە يەتكۈزۈلۈشى ئەڭ مۇھىم شەرتلەردىن بىرى قىلىپ بەلگىلەنگەن.[4] ساھابىلەر دەۋرىدە ھەزرىتى ئۆمەر بىلەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى زامانىدىكى قۇرئان ئايەتلىرى يېزىلغان تېرە، تاختا ۋە سۆڭەك پارچىلىرىنى رەتلەپ چىقىش ئەڭ مۇھىم خىزمەت قاتارىدا ئىشلەنگەن ئىدى. جۇغلانغان بۇ نۇسخا كېيىن «ئىمام نۇسخا» نامىدا قوبۇل قىلىنغان ۋە ھەزرىتى ئوسمان زامانىغا كەلگەندە كۆپەيتىلىپ، ھەرقايسى رايونلارغا ئەۋەتىلگەن.[5] تۆت چوڭ خەلىپە زامانىدا، ئىسلام جۇغراپىيەسى تېز سۈرئەتتە كېڭەيگەن ھەمدە باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئىسلام دىنىغا كىرىپ مۇسۇلمان بولغان. پەيغەمبەر بىلەن ساھابىلەرنىڭ دۇنيا ھاياتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە، ئىختىلاپ ۋە ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنىڭ ئۆزلۈكسىز كۆپىيىشى، شۇنداقلا بۇ جەھەتتە قۇرئاننىڭ دانا پىكىرلىرىگە بولغان ئېھتىياجىنىڭ تېخىمۇ ئېشىپ بېرىشى تەپسىر ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكەن مۇھىم بىر ئامىل دەپ قارالماقتا.[6] بىر قىسىم ساھابىلەرنىڭ ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزدىن ئاڭلىغان ئىزاھات ۋە بايانلارنى ئۇنتۇپ

(4) مەنناﺋۇل قەتتان، «مەباھىس فى ئۇلۇمىل قۇرئان»، 3- باسمىسى، 2000- يىلى مەكتەبەتۇل مائارىف نەشر قىلغان، 129- بەت، ئەز-زەرقانىي، «مەناھىل»، 1- جىلد، 244- بەت، ئورھان ئاتالاي، «20. ئەسىردە تەپسىر ئېقىملىرى»، 29- بەت.

(5) ۋەلىييۇللە ئەد دەھلەۋىي، «ئەل فەۋزۇل كەبىير فى ئۇسۇلىتتەفسىير»، ئەس سەھۋە نەشرىياتى قاھىرە 1986- يىلى، 1- جىلد، 141- بەت.

(6) فەھد ئىبنى ئابدىررەھمان ئىبنى سۇلەيمان ئەر رۇمى، «ئىتتىجاھاتۇتتەفسىير فى قەرنىررابىئەشەر»، 1986- يىلى سەئۇدى ئەرەبىستان، 1- جىلد، 24 ۋە 25- بەتلەر.

قالماسلىق ئۈچۈن، قولىدىكى قۇرئان تېكىستلىرىنىڭ ئەتراپىغا خاتىرىلەپ قويغانلىقى بايقالغان بولۇپ، بۇمۇ بىر خىل تەپسىر دەپ قارالماقتا. لېكىن بۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ قۇرئاننىڭ ئەسلى تېكىستىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەن ھەزرىتى ئۆمەر بۇ شەكىلدىكى ھەرىكەتلەرنى چەكلىگەن.[7] بۇ مەلۇماتلاردىن قۇرئاننىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەسلىكى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن چۈشۈرۈلگەن پېتى مۇھاپىزەت قىلىشقا قانچىلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ھەزرىتى ئوسمان زامانىدا ساھابىلەرنىڭ سەركىسى دەپ سانالغان بىر قىسىم ساھابىلەر ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن فەتىھ قىلىنغان (بويسۇندۇرۇلغان) زېمىنلارغا كۆچكەن. ئۇلاردىن بەزىلىرى ۋالىي، بەزىلىرى قازى، بەزىلىرى مۇئەللىم ۋە باشقا ھەر خىل خىزمەتلەر بىلەن ئوخشىمىغان رايونلارغا ئەۋەتىلگەن. ئۇلار بارغانلا يېرىدە، ئۆزلىرى بىلگەن دائىرىدە قۇرئاننى تەپسىر قىلغان. ئۇلارنىڭ ئۇچرىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىلىرى بىر مەزگىلدىن كېيىن مەيدانغا چىققان مەزھەپ ھەرىكەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدا چوڭ رول ئوينىغان.[8] ئىسلام جۇغراپىيەسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان ساھابىلەرنىڭ قۇرئان ئايەتلىرىنى خاتىرىلەش مەشغۇلاتى ۋە ھەزرىتى پەيغەمبەر بىلەن بولغان سۆھبەتلىرى پەرقلىق بولغاندەك قۇرئاننى چۈشىنىش سەۋىيەلىرىمۇ پەرقلىق بولغان.[9] ئۇلارنىڭ ئەقلىي مۇھاكىمە قابىلىيىتى پەرقلىق بولغىنىغا ئوخشاش، ئەرەب تىل - ئەدەبىياتىغا بولغان چۈشەنچىسى ۋە تارىخىي مەلۇماتلىرىدا پەرقلەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تەپسىر ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرىدا ئوخشىماسلىقلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال.[10] مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن زاماننىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، پەرقلىق مېتودلاردىن تۇغۇلغان پەرقلىق كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان. چۈنكى، ھەزرىتى پەيغەمبەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئىنسانلار دۇچ كەلگەن سوئاللارغا جاۋاب تاپقۇدەك يېگانە مەنبە قۇرئان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا بىر ئىلاھىي ئاساس يوق ئىدى. مەسىلىلەرنى قۇرئان تېكىستى ۋە ئېنىقلىمىلىرىغا تايىنىپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ ئەھۋال تەپسىر تارىخىدا پەرقلىق ئېقىملارنىڭ بارلىققا كېلىشىدە مۇھىم

(7) مۇھەممەد ھەمدۇللاھ، «قۇرئان تارىخى»، 89- بەت.
(8) ئەز زەھەبىي، «ئەتتەفسىر ۋەل مۇفەسسىرۇن»، 1- جىلد، 70- بەت.
(9) مۇھەممەد تاييىب ئوقئىچ، «تەپسىر ۋە ھەدىس ئۇسۇلىنىڭ بەزى مەسىلىلىرى»، 1995- يىلى ئىستانبۇل، 145- بەت.
(10) سۇئات يىلدىرىم، «پەيغەمبەرىمىزنىڭ قۇرئان تەپسىرى»، قاياخان نەشرىياتى، 1998- يىلى ئىستانبۇل، 20-19-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


رول ئوينىغان.

ساھابىلەردىن ئىلىم ئۆگەنگەن تابىئىن دەپ ئاتالغان ئىككىنچى نەسىل دەۋرىگە كەلگەندە، ھەر خىل شەھەرلەردە پەرقلىق تەپسىر ئېقىملىرى ناھايىتى تېز ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان. پىكرىي جەھەتتىكى پەرقلەرمۇ بىر قەدەر كۆپىيىشكە باشلىغان. بۇ ئۆتكۈنچى دەۋردە، مەيدانغا كەلگەن ئەجابىي تەرەققىياتلاردىن باشقا، يەنە قۇرئاننىڭ مەقسىتىگە زىت بولغان بەزى كۆز قاراش ۋە پىكىرلەرمۇ تېز سۈرئەتتە كېڭىيىشكە باشلىغان.[11] شۇ سەۋەبتىن، قۇرئاننىڭ قايىل قىلارلىق ۋە توغرا شەكىلدىكى تەپسىرىگە بولغان ئېھتىياج كۈنسېرى ئېشىپ بارغان. تابىئىن ئالىملىرى بۇ ھەقتىكى بەزى ئىختىلاپلارنى ھەل قىلىشقا تىرىشقان. ئۇلار قۇرئاننى تەپسىر قىلغان چاغلىرىدا، ساھابىلەردىن ئۆگەنگەنلىرىنى ئۆزلىرىگە ئۇلگە قىلىش بىلەن بىللە، ئۆزلىرى ئىجتىھات ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىنى يولغا قويغان. ئايەتلەر نازىل بولغان ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلەر ھەققىدىكى ئىشەنچلىك رىۋايەتلەرگە باشقا بىلىم ساھەلىرىدىن ئۆتنە ئېلىنغان مەلۇمات ۋە ئۇقۇملارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قۇرئان تەپسىرى يېڭى سەۋىيەگە كۆتۈرۈلگەن. ساھابە دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى، ئىسلام جۇغراپىيەسىدە تۈنجى ئوتتۇرىغا چىققان بەزى تەپسىر ئېقىملىرىغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرغىنىمىزدا مەككە تەپسىر ئېقىمى، مەدىنە تەپسىر ئېقىمى ۋە ئىراق تەپسىر ئېقىمى قاتارلىقلارنى ئۇچرىتىمىز.[12]

كېيىنكى مەزگىللەردە، يېڭى ئەۋلاد تەپسىرچىلەر، ئەجدادلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىغا، ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراش ۋە ئىلمىي تەجرىبىلىرىنى قوشۇپ، تەپسىر ئىلمى ساھەسىدە يېڭى سەھىپىلەر ئاچتى. بۇ ئۇسۇلدا قۇرئاننى تەتقىقات ئېمىسى قىلغان نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ دەۋردىكى مۇھىم ئالىملاردىن ئەلى ئىبنى ئەبى تەلھە، يەھيا ئىبنى زىياد ئەل-فەررا ۋە مۇقاتىل ئىبنى سۇلايمان قاتارلىقلارنى ساناپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

### 3- تەپسىر مېتودى ۋە قۇرئان ئىلىملىرى

قۇرئان كەرىم بىر ئىلاھىي كىتاب بولغانلىقتىن، ئۇ ھەقتە خالىغانچە پىكىر بايان قىلىش توغرا ئەمەس. تارىختىن بۇيان نۇرغۇنلىغان ئىسلام ئالىملىرى بۇ كىتابنى

(11) سۇئات يىلدىرىم، «پەيغەمبەرىمىزنىڭ قۇرئان تەپسىرى»، 23-22-بەت.
(12) مەننەئۇل قەتتان، «مابەھىس فى ئۇلۇمىل قۇرئان»، 340-338- بەتلەر.

چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن قانداق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا باش قاتۇرغان ۋە بەزى ئۇسۇل، مېتودلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. تەپسىر كۆلتۈر خەزىنىمىزگە قارايدىغان بولساق، بۇ خىلدىكى خىزمەتلەرنىڭ ئەرەب تىلىدىكى ئىپادىسى «ئۇلۇمۇل قۇرئان» بولۇپ، بىز بۇ ئىلىمنى «تەپسىر مېتودى»، «تەپسىر ئىلىملىرى» ۋە «قۇرئان ئىلىملىرى» دېگەندەك ئىسىملار بىلەن ئىپادىلەيمىز.

كونا ئالىملار قۇرئاننى ئىزاھلاشنى مەقسەت قىلغان تېمىلارنى «ئۇلۇمۇل قۇرئان» ئىسمى ئاستىدا ئىشلىگەن بولسا، كېيىنكى دەۋردە شاھ ۋەلىيۇللاھ ئەد - دېھلەۋىنىڭ (ھىجرىيە 1762/1176 مىلادى) «ئەل فەۋزۇل كەبىير فى ئۇسۇلىتتەفسىر» ناملىق ئەسىرى بىلەن «تەپسىر مېتودى» تېرمى قۇرئان بىلىملىرى ساھەسىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىغان. ھازىرقى ۋاقىتتا بىر قىسىم ئەرەب تەتقىقاتچىلىرى «ئۇسۇلۇتتەپسىر» بىرىچە قىلىپ ئېيتقاندا «تەپسىر مېتودى» ئىبارىسىنى مەزمۇن جەھەتتە «ئۇلۇمۇل قۇرئان/ قۇرئان ئىلىملىرى »دىن پەرقلىق بىر شەكىلدە قوللانماقتا. مەزمۇن جەھەتتە كۆرۈلگەن بۇ پەرق، «ئۇلۇمۇل قۇرئان» ئىبارىسىنىڭ « ئۇسۇلۇتتەفسىر/ تەپسىر مېتودى» بىلەن مەنداش ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

«تەپسىر مېتودى» نىسبەتەن خۇسۇسىيلىققا ئىگە بولۇپ، «ئۇلۇمۇل قۇرئان» ئاتالغۇسى ئومۇمىيلىققا ئىگە. چۈنكى، «ئۇلۇمۇل قۇرئان» قۇرئان ۋە تەپسىر بىلەن مۇناسىۋەتلىك پۈتۈن بىلىملەرنىڭ تارماقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ دائىرىگە ئىگە. «تەپسىر مېتودى» ئاتالغۇسى، قۇرئاننى تەپسىر قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك قورال، قائىدە ۋە ئىزاھلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەپسىر مەسىلىلىرى، تۈرلىرى، شەرتلىرى ۋە قوراللىرى ۋە تەرجىمىگە ئوخشاش تەپسىر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك تېمىلار، تەپسىر ئۇسۇلىدىكى مەزمۇنلاردۇر. قۇرئان ئىلىملىرى بولسا، بۇنىڭدىن تېخىمۇ كەڭ مەزمۇنغا ئىگە.[13]

دەسلەپكى مەزگىللەردە بۇ ساھەگە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئالىملار ئەسەر يېزىشقا باشلىغان. مەسىلەن، «ئەسبابۇن نۇزۇل»[14] ھەققىدە ئىمام بۇخارىنىڭ ئۇستازى ئەلى ئىبنى ئەل مەدىنى (234/843)؛ قۇرئان قىرائىتى ھەققىدە ھەسەن ئەل

(13) ئەدنان زەرزۇر، «ئۇلۇمۇل قۇرئان ۋە ئىجازۇھۇ»، -123 بەت.

(14) پەيغەمبەر ۋە ساھابەدىن نەقىل قىلىنغان رىۋايەتلەرگە تايىنىپ، ئايەتلەرنىڭ نازىل قىلىنىش سەۋەبلىرىنى بايان قىلىدىغان ئىلىم.

www.uyghurkitap.com



بەسرى (728/110)؛ «غەرىيبۇل-قۇرئان» ھەققىدە ئەبۇ - ئۇبەيدە (824/209)؛ «فەدائىلۇل قۇرئان» ھەققىدە يەنە ئەبۇ ئۇبەيدە؛ «ناسىخ ۋەل مەنسۇخ» ئايەتلەر ھەققىدە ئەبۇ ئۇبەيد قاسىم ئىبنى سەللام (839/230)؛ «مۇشكىلۇل قۇرئان» ۋە «مەجازۇل قۇرئان» ھەققىدە ئابدۇللاھ ئىبنى قۇتەيبە (889/276)؛ «ئىجازۇل-قۇرئان» ھەققىدە مۇھەممەد ئىبنى يەزىد ئەل ۋاستى (918/306)؛ «ئىرابۇل-قۇرئان» ھەققىدە مۇھەممەد ئىبنى سەيد ئەل خۇفى (951/340)، «ئەمسالۇل قۇرئان» ھەققىدە ئەبۇل ھەسەن ئەل ماۋەردى (1058/450)؛ «ئەقسامۇل قۇرئان» ھەققىدە ئىبنى قەييىم (1350/751) ۋە «جەدەلۇل قۇرئان» ھەققىدە نەجمۇددىن ئەتتۇفى (1316/716) قاتارلىق كىشىلەر ئۆز ئالدىغا ئەسەرلەر يازغان.[15] قۇرئان ئىلىملىرى ساھەسىدىكى ئەسەرلەر ئىچىدە ئەڭ ئەتراپلىق ۋە ئەڭ پايدىلىق ئەسەر، بۇرھانىددىن ئەز - زەركەشىنىڭ (1392/794) «ئەل بۇرھان فى ئۇلۇمىل قۇرئان» ناملىق ئەسىرى ۋە سۇيۇتىنىڭ «ئەل ئىتقان فى ئۇلۇمىل قۇرئان» ناملىق ئەسىرىدۇر. كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ تېمىدا كۆپلىگەن ئەسەرلەر يېزىلغان.

### 4- تەپسىردە رىۋايەت ۋە دىرايەت مېتودى

قۇرئاننىڭ مەنىسىنى شەرھىيلەش توغرىسىدا يېزىلغان تەپسىرلەرنى تەپسىرچى ئىشلەتكەن ماتېرىياللار نۇقتىسىدىن ئادەتتە «رىۋايەت تەپسىرى» ۋە «دىرايەت تەپسىرى»[16] دەپ، ئىككى ئانا تېما ئاستىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بۇ يەردە ئاۋۋال تىلغا ئېلىپ ئۆتمەكچى بولغىنىمىز رىۋايەت تەپسىر مېتودى/ئۇسۇلىدۇر.

### 1-4- تەپسىردە رىۋايەت مېتودى

رىۋايەت تەپسىرى، «مەئسۇر» ياكى «نەقلىي» تەپسىرمۇ دېيىلىدۇ . يەنى ئايەتلەرنىڭ، قۇرئان ئايەتلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرى بىلەن چۈشەندۈرۈلۈشىدۇر. بۇ خىلدىكى تەپسىر دەسلەپتە رىۋايەت بىلەن باشلانغان، ھەزرىتى پەيغەمبەردىن ساھابىلەرگە، ئۇلاردىن تابىئىنلارغا يەتكۈزۈلگەن.

---

(15) بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئەتراپلىق مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن قاراڭ: زەرقانىي، «مەنەھىلۇل ئىرفان»، 1- جىلد، 25-24- بەتلەر، سۇبھى ئەس سالىھ، «مەباھىس فى ئۇلۇمىل قۇرئان»، 124-121- بەتلەر، ئەبۇ شەھبە، «سىيرەتۇننەبىي فى دىيۋانىل قۇرئان ۋەس سۇننە»، 32-31- بەت.

(16) تەپسىرچىنىڭ، ئىجادىيتى جەريانىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، ساھابىلەردىن ياكى تابىئۇن ئالىملىرىدىن نەقىل قىلىنغان رىۋايەتلەرگىلا تايانماستىن ئىجتىھاد يولىنى تۇتۇپ، ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىنمۇ پايدىلىنىش ئارقىلىق يازغان تەپسىرى «دىرايەت تەپسىرى» ياكى «رەي تەپسىرى» قاتارىغا كىرىدۇ.

پەقەت رىۋايەت تەپسىردە ھەزرىتى پەيغەمبەردىن باشلىنىپ، ساھابىلەرگە ھەتتا تابىئىنلارغىچە سوزۇلغان رىۋايەت زەنجىرى ئىچىدە بەزى ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان خەۋەرلەرنىڭ كۆپلۈكى، يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان مەنبەلىرىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ۋە رىۋايەت زەنجىرىدىكى رىۋايەتچىلەرنىڭ قىسقارتىۋېتىلىشى قاتارلىق سەۋەبلەر بۇ تەپسىر تۈرىنىڭ نۇقسانلىرى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ خىلدىكى تەپسىر مەنبەلىرى سۈپىتىدە ئىبنى جەرىر ئەت - تابەرىنىڭ (922/310) «جامىئۇل-بايان فى تەئۋىيلىل قۇرئان»؛ ئەبۇل لەيس ئەس سەمەرقەندىنىڭ (898/373) «تەفسىرۇس سەمەرقەندى»، ئەل ۋاھىدىنىڭ (1075/468) «ئەل ۋەجىز فى تەفسىرىل قۇرئانىل ئەزىز»، ئەل بەغەۋىنىڭ (1122/516) «مەئالىمۇت تەنزىل»، ئىبنى ئەتىييەنىڭ (1151/546) «ئەل مۇھەررەرۇل ۋەجىيز فى تەفسىرى كىتابىل ئەزىز»؛ ئىبنى كەسىرنىڭ (1372/774) «تەفسىرۇل قۇرئانىل ئەزىم»، جەلالۇددىن ئەس سۇيۇتىنىڭ (1505/911) «ئەد-دۇررۇل مەنسۇر فىتتەفسىر بىل مەئسۇر»؛ جامالۇددىن قاسىمىنىڭ (1914/1332) «مەھاسىنۇت تەئۋىيل» غا ئوخشاش كىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ساناپ چىقىش مۇمكىن.

## 2-4- تەپسىردە دىرايەت مېتودى

دىرايەت تەپسىرلىرى، تەپسىرچىنىڭ پەقەت رىۋايەتلەر بىلەنلا قانائەت قىلماي، تىل - ئەدەبىيات، لوگىكا، پەلسەپە ۋە باشقا ھەر خىل بىلىملەرگە تايىنىپ ئېلىپ بارغان ئىجتىھادى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن تەپسىرلەردۇر. بۇ مېتود بويىچە ئېلىپ بېرىلغان تەپسىرلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىپ، قىلىنماسلىقى توغرىسىدا دەسلەپتە تالاش - تارتىشلار بولغان، ئۇنى بەزى ئالىملار توغرا دەپ قارىسا، يەنە بەزى بىر تۈركۈم ئالىملار ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللار جەھەتتىن توغرا دەپ قارىمىغان.

تېز سۈرئەتتە كېڭىيىپ بارغان ئىسلام جۇغراپىيەسىدە يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان ۋە ئەرەب بولمىغان كىشىلەرگە سىستېمىلىق ھالدا ئەرەب تىلىنى، شۇنداقلا قۇرئاننى ئۆگىتىش ئېھتىياجى دىرايەت تەپسىر ئېقىمىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. زامانلارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ ئېقىمدىكى تەپسىرمۇ تەرەققىي قىلغان ئىلىم - پەن، پىكىر ۋە ئوتتۇرىغا چىققان مەزھەپلەرگە قاراپ ھەر خىل تارماقلارغا ئايرىلغان. ئىشارىي تەپسىر، ئىجتىمائىي

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



تەپسىر، ئەدەبىي تەپسىر، ئەھكام تەپسىرى، پەلسەپىۋى تەپسىر ۋە ئىلمىي تەپسىر دېگەندەك تەپسىر تۈرلىرىنى دىرايەت تەپسىرى كاتېگورىيەسىدە مۇلاھىزە قىلىشقا بولىدۇ.

ئىمام ماتۇرىدىنىڭ (994/333) «تەئۋىلاتۇل قۇرئان»، نەسەفىنىڭ (1142/537) «مەدارىكۇت تەنزىل ۋە ھەقائىقۇتتەئۋىل»، زەمەخشەرىنىڭ (1143/538) «ئەل-كەششاف ئەن ھەقائىقت تەنزىل ۋە ئۇيۇنىل ئەقاۋىل فى ۋۇجۇھىت تەئۋىل»، فەخرۇددىن ئەر رازىنىڭ (1209/606) «مەفاتىيھۇل غەيب»، ئەل-قۇرتۇبىنىڭ (1272/671) «ئەل جامىئ لىئەھكامىل قۇرئان»، قازى ئەل بەيداۋىنىڭ (1288/685) «ئەنۋارۇت تەنزىل ۋە ئەسرارۇت تەئۋىل»، رەشىد رىزانىڭ (1935/1345) «تەفسىرۇل مەنار»، سەييىد قۇتۇبنىڭ (1967/1906) «فى زىلالىل قۇرئان» غا ئوخشاش ئەسەرلىرى بۇلارنىڭ بىرقىسمىدۇر.

## 5- زامانىمىزدىكى تەپسىر پائالىيەتلىرى

ئون توققۇزىنچى ئەسىردىن باشلاپ بىر ئېقىم شەكلىدە، غەرب دۆلەتلىرىدە ۋە مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن غەرب دۆلەتلىرى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلغان مۇستەملىكە رايونلاردا باش كۆتۈرۈشكە باشلىغان مودېرنىزملىق دۇنيا قارىشىنىڭ تەسىرى، باشقا ئىلىم ساھەسىگە ئوخشاش تەپسىر ئىلمىگىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆتمۈشنى قۇتقۇزۇشمۇ، ئېزىلگەن مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى قۇتقۇزۇشمۇ ياكى بۇ ئىككى ئېقىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر يول تۇتۇش كېرەكمۇ دېگەندەك بىر قاتار مەسىلىلەر، بىلىم ئادەملىرى ئوتتۇرىسىدا قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ قالغان. بۇ جەھەتتە ھەر ئېقىمنىڭ قۇرئاندىن چىقارغان ھۆكۈملىرى پەرقلىق ئىدى. چۈنكى ھەممە ئېقىمنىڭ ئۆز ئالدىغا تەتقىقات مېتودى بار ئىدى. مانا بۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى، تارىخدا تېخى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان پىكرىي زىددىيەتلەر بىلەن داۋالغۇشقا باشلىدى. ئىلىم تەھسىل قىلىشنىڭ غايىسى، ئىلىم مەنبەلىرى ۋە تەلىم - تەربىيە مېتودى تېز سۈرئەتتە ئۆزگىرىشكە باشلىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىم تارىخدا يېڭىچە بىر سەھىپە ھېسابلىنىدىغان بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدىغاندەك تۇرىدۇ. بىز بۇ يەردە مەسىلىنى، ماقالىمىزدە باش تېما قىلىپ تاللىغان ئۈچچۆرىدە يەنى قۇرئان تەپسىرى ئۈستىدە مەركەزلەشتۈرىمىز. بىرىنچى قىلىپ تەپسىر مېتودولوگىيەسى

ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 1-5- زامانىمىزدىكى قۇرئان مېتودولوگىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەر

يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمىزدەك قۇرئان كەرىم، تارىختىن بۇيان مەيلى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن بولسۇن، مەيلى مۇسۇلمان بولمىغان ئەللەر تەرىپىدىن بولسۇن ئەھمىيەتلىك بىر كىتاب دەپ قارىلىپ كەلگەن ۋە مۇھىم تەتقىقات تېمىلىرىدىن بىرى بولۇپ قوبۇل قىلىنغان. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا قۇرئان، باشقا ساماۋى كىتابلارنىڭ ھېچبىرىگە نېسىپ بولمىغان بىر ئىلمىي تېمىغا ئايلانغان.[17] ئۇنىڭغا قارىتىلغان بۇ كۈچلۈك قىزىقىش نەتىجىسىدە، قۇرئاننىڭ بەزى تېمىلىرى ھەققىدە ئايرىم ئىلىم تارماقلىرىمۇ قۇرۇلغان. بەزى تېمىلار ھەققىدە نەچچە ئونلىغان ئەسەرلەر يېزىلغان. ئىسلام تارىخىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىن باشلانغان بۇ خىزمەتلەر بەزىدە تېز، بەزىدە ئاستا سۈرئەتتە ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ ھېلىغىچە ئۈزۈلۈكسىز داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.[18] قۇرئانغا بولغان بۇ كۈچلۈك يۆنىلىش نەتىجىسىدە، ئۇلۇمۇل قۇرئانغا مۇناسىۋەتلىك كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئاساسىي مەنبە بولۇشقا لايىق نۇرغۇن ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. سۇيۇتى (1504/910) ئۆز دەۋرىدە قەلەمگە ئالغان «ئەل ئىتقان» ناملىق ئەسىرىدە قۇرئان ئىلىملىرىگە دائىر مەسىلىلەرنى 80 ئايرىم تېمىدا تەتقىق قىلغان بولسا، 20 - ئەسىردە قۇرئان ئىلىملىرى ساھەسىدە ئەڭ ياخشى ئەسەر دەپ قارالغان «مەناھىلۇل ئىرفان» ناملىق ئەسەردە پەقەت ئون ئالتە تېما تەتقىق قىلىنغان. يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ئەسەرلەردە «ئەل ئىتقان» دىكىگە ئوخشاش كەڭ دائىرىلىك بولمىسىمۇ مۇناسىۋەتلىك تېمىلار ھەر خىل جەھەتتىن تەھلىل قىلىنغان. بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مەيدانغا چىققان.

قۇرئان ئىلىملىرى ساھەسىدە 20 - ئەسىردە يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى، غەربلىكلەر قىزىقىۋاتقان قۇرئاننىڭ مەنبەسى، قۇرئاننىڭ جەمئىي، يەتتە ھەرپ مەسىلىسى، سۈرىلەرنىڭ بېشىدىكى كېسىك ھەرپلەر مەسىلىسى ۋە ھازىرقى ۋەزىيەت بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالغان قۇرئان مۆجىزىلىرىگە ئوخشاش مەسىلىلەرنى ئاساسىي تېما قىلىشقا بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەن. زامانىمىزدىكى

(17) لەۋىز بەرنارد، «ئىسلامنىڭ سىياسىي تىلى»، تۈركچىگە تەرجىمە قىلغۇچى: فاتىھ تاشار، 1992- يىلى ئىستانبۇل، 20 - بەت.

(18) ئىبنى نەدىيىم، «ئەل-فەھرىست»، 1988- يىللىق نەشرى، 42-37- بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قۇرئان ئىلىملىرى خىزمىتىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئۆتمۈشتە بىر كىتاب ئىچىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتۈپ كېتىلگەن بەزى تېمىلارنى مۇستەقىل تېما قىلىپ ئەتراپلىق تەتقىق قىلىشتا كۆرۈلىدۇ. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ تېمىلار تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە تەھلىل قىلىنماقتا. شۇ ۋەجىدىن مەيدانغا چىققان ئەسەرلەر سانىنىڭ تېزلىك بىلەن ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقى كۆرۈلمەكتە.[19]

شۇنداقلا بۇ دەۋردىكى مېتودولوگىيەلىك پائالىيەتلەر ئۆپچۆرىسىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە، قەدىمقى مېتودلارنىڭ دەرۋىرمىزدىكى مەسىلىلەرگە چارە تېپىش كۈچىنىڭ قالمىغانلىقى مەسىلىسى ئىدى. بۇ پىكىردىكى كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، «مەۋجۇتقا دائىر تەھلىل، مۇستەھكەملەش ۋە تەنقىدتىن ئىبارەت بولۇپ، بولۇشى زۆرۈر بولغانغا دائىر چارە ئوتتۇرىغا قويماسلىق» جەھەتتىن يېتەرسىزدۇر.[20]

## 2-5- زامانىمىزدىكى تەپسىر پائالىيەتلىرى

ئىسلام تەتقىقاتى ئىسلاھات باسقۇچىغا قەدەم قويغاندىن بۇيانقى يۈز يىلدىن ئارتۇق زامان مابەينىدە ھىندىستان يېرىم ئارىلى بىلەن مىسىرنى مەركەز قىلغان يېڭىچە ئۇسلۇبتا قۇرئان ۋە تەپسىر پائالىيەتلىرى دەۋر ھالقىغان سىلكىنىشلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىكى قۇرئان ۋە تەپسىر خىزمەتلىرىدە، تۇنجى بولۇپ تىلغا ئالىدىغان ئىسىملارنىڭ بىرى سەييىد ئەھمەدخاندۇر (1898). ئۇ ئۆزى ياشىغان جايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى كۆن كۆرۈشىنى ئىنگىلىزلارغا ساداقەت كۆرسىتىشتىن ئىبارەت دەپ قارىغان. ئۇنىڭ بۇ سىياسىي مايىللىقىدىن مەمنۇن بولغان ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «سىر» (ئەپەندى) ئۇنۋانىنى بەرگەن. سەييىد ئەھمەدخان ئىلمىي ۋە ئەقلىي پائالىيەتلىرى ئارىسىدا قۇرئاننىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بىر تەپسىر بىلەن، بۇ ساھەدە يېڭى بىر ئۇسلۇب (مېتود) يارىتىش ئىدىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «تەھرىر فى ئۇسۇلىتتەفسىر» ناملىق ئىككى ئەسەرنى يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ قۇرئاننىڭ نازىل قىلىنىش جەريانى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى ئەنئەنىۋى ئەھلى سۈننەت ئالىملىرىنىڭ چۈشەنچىلىرىدىن خېلىلا پەرقلىق ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭچە ۋەھيى، رېئال ۋە مۇستەقىل بىر مەۋجۇدات بولغان

(19) خالىل چېلىك، «20. ئەسىردە قۇرئان ئىلىملىرى تەتقىقاتى»، كىرىش سۆز.

(20) مۇستافا ئۆزتۈرك، «قۇرئان، تەپسىر ۋە ئۇسۇل ھەققىدە»، 7- بەت.

پەرىشتە (جىبرىئىل) ۋاستىسى بىلەن ئەمەس، پەيغەمبەرلىك قۇۋۋىتى سايىسىدە، ھەزرىتى پەيغەمبەرنىڭ قەلبىگە چۈشۈرۈلگەن ياكى ئىلھام قىلىنغان.[21] بۇ كۆز قاراشنىڭ قۇرئاندىكى كۆپ قىسىم ئايەتلەرگە زىت ئىكەنلىكى ئاشكارا. شۇنىڭ بىلەن بىللە يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرنىڭمۇ ياخشى نىيەتنىڭ مەھسۇلى ئەمەسلىكى مەلۇم.

ئەھمەدخان قۇرئاندا پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزىگە، ئەنئەنىۋى مۆجىزە چۈشەنچىسىگە ئۇيغۇن ھالدا باھا بېرىشنىڭ ئورنىغا، ئەرەب تىلىنىڭ كىنايە، تەمسىل (سىمۋول)، ئوخشىتىش قاتارلىق تىل بايلىقى ئىمكانىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىككى ياقلىملىق باھا بېرىشنىڭ مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ دائىرىدە، مۆجىزىلەر سۆز تېمىسى بولغاندا، ئىرراتسىيونال مەنىلەرنى، بەزىدە ئەرەب تىلىنىڭ ئىمكان ۋە چەك - چېگراسىنى زورلاش ئارقىلىق راتسىيونالئالاشتۇرۇشقا تىرىشقان. مەسىلەن، يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر چوڭ بېلىق تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىنغانلىقى ھەققىدىكى ئايەتنىڭ (37/سافافات 142) مەنىسى ھەققىدە، قۇرئاندا بۇنى جەزملەشتۈرىدىغان ئېنىق بىر ئىپادە مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئايەتتىكى «يۇتۇش» مەنىسىدە كەلگەن «ئىبتەلەئە» پېئىلىنىڭ ئەمەس، «ئاغزى بىلەن تۇتۇش» مەنىسىدىكى «ئىلتەقەمە» پېئىلىنىڭ قوللىنىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ شەكىلدە، ئايەتتە بىلدۈرۈلگەن ھادىسىنىڭ ئەقىلگە تېخىمۇ مۇۋاپىق ۋە چۈشىنىشلىك بولىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ. ھەم مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسا بىلەن ئۇرۇپ دېڭىزنى ئىككىگە ئايرىغانلىقى ھەققىدىكى ئايەتنى[22] مەد - جەزىر (ئاينىڭ تارتىش كۈچى تەسىرىدە دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ -پەسىيىشى) ھادىسىسى بىلەن چۈشەندۈرىدۇ.[23] مۇنداق بولغاندا، دېڭىزنىڭ يېرىلىشى ئىلاھىي مۆجىزە بولماستىن، بىر تاسادىپىيلىق بولغان بولىدۇ. ئەمما، قۇرئان بۇ ھادىسىنى بىر مۆجىزە سۈپىتىدە بايان قىلىدۇ.

ئەھمەدخاننىڭ تەپسىر مېتودولوگىيىسى ھەققىدىكى قاراشلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ كىلاسسىك نەسخ نەزەرىيەسىگە قىلغان ئېتىرازىدۇر. ئۇنىڭ بۇ پىكرىگە ئوخشاش مەسىلە ئەسىرلەر بۇرۇن، مۇئتەزىلە مەزھىبىنىڭ تەپسىرچىلىرىدىن ئەبۇ مۇسلىم ئەل - ئىسفاھانى تەرىپىدىن ئەتراپلىق بىر شەكىلدە ۋەز ئېيتىلغان. تەبىئەت قانۇنىنىڭ

(21) ئىسمائىل ئالبايراق، «كىلاسسىك مودېرنىزىمدە قۇرئانا ياقلاشىملار»، 2004 - يىل ئىستانبۇل، -66-65 - بەتلەر.

(22) شۇرا سۈرىسى، 63 - ئايەت.

(23) مۇستافا ئۆزتۈرك ، «قۇرئان ۋە تەپسىر كۇلتۇرۇمىز»، -2010 يىلى ئەنقەرە ، 141 - بەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۆزگەرمەسلىكى پرىنسىپىغا كەلسەك، ئەھمەدخان بۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك كۆز قاراشلىرىنى ئۆزگە خاس بىر ئۇسلۇبتا ئىپادىلەشتىن باشقا، غەرب دۇنياسىدا ھۆكۈم سۈرگەن راتسىيونالىللار ۋە ناتۇرالىستلاردىن ئىلھام ئالغان. بولۇپمۇ ئەھمەدخان بۇ يەردە يېڭى ۋە ئۆزگىچە بىر ئۇسلۇب تەكىتلەشتىن باشقا يەنە، ئىبنى سىنا (1067/428) ۋە ئىبنى رۇشد (1198/595) قا ئوخشاش ئوتتۇرا دەۋر ئىسلام پەيلاسوپلىرىنىڭ مۆجىزە ھەققىدىكى رادىكال قاراشلىرىنىمۇ جانلاندۇرىدىغان، قۇرئاننى راتسىيونالىست ۋە ناتۇرالىست كۆز قاراش بىلەن تەتقىق قىلىشنى تەكلىپ قىلغان.[24]

ئەھمەدخاننىڭ قۇرئان تەتقىقاتىدا ئەڭ ئاساسلىق تەكىتلەيدىغانلىرىدىن بىرى، تەبىئەت قانۇنلىرىغا دىققەت قىلىش. ئۇنىڭچە، ئاللاھ كائىناتقا ئەزەلدىن بېرى ئۆزگەرمەيدىغان بىر يارىتىلىش قانۇنى قويغان. تەبىئەتنىڭ قانۇنلىرى، ئاللاھنىڭ ئەمەلىي سۆزىدۇر. ئۇنىڭ ھېچبىر سۆزىدە/قانۇنلىرىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، قۇرئانمۇ ئەزەلدىن بېرى ئۆزگەرمىگەن. ئۇنىڭدا تەبىئەت قانۇنلىرىغا زىت ھېچبىر بايان يوقتۇر. يىغىپ ئېيتقاندا ئۇنىڭچە، ئىسلام ئۆلىمالىرى مۆجىزە دەپ ئاتالغۇلاشتۇرغان، قۇرئان ئايەتلىرى بايان قىلغان مۆجىزە خاراكتېرلىك ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى ئەسلىدە بىز بىلىدىغان تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئەھمەدخان، ئادەم ۋە ئىبلىس قىسسەلىرىنىڭ تەپسىرىدە، ئەپسانە تۈسىدىن ئايرىش يولىنى تۇتقان. يەنى مەزكۇر قىسسەدىكى پەرىشتە ۋە شەيتانغا ئوخشاش بارلىقلارنىڭ ئەسلىدە بىر خىل كۈچ ۋە قابىلىيەت ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. جەننەت، جەھەننەمگە ئوخشاش غايىۋى ئالەمگە مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى تەمسىل، ئوخشىتىش، كىنايە قاتارلىقلارغا يۈكلەشنى ئەۋزەل بىلگەن. ئەھكام ئايەتلىرىدىكى مەزمۇنلارنىڭ ھەرقانداق زاماندا لەۋزى بىلەن ياكى ئەينەن تەتبىقلاشقا بولىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىگە بولغان ئىشەنچىدىن بولسا كېرەك، مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى تەھلىل قىلغاندا، بولۇپمۇ تالاق، كۆپ خوتۇنلۇق، جازانە (ئۆسۈم) ئېلىشقا ئوخشاش تېمىلاردا يەنە قوغدىغۇچى بىر ئۇسلۇبتا، قۇرئان ئەھكامىنىڭ ھازىرقى زامان ھوقۇق ۋە قىممەت سىستېمىسى بىلەن ماسلىشالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشقان.[25]

---

(24) مۇستافا ئۆزتۈرك ، «قۇرئان ۋە تەپسىر كۈلتۈرۈمىز»، 2010 - يىلى ئەنقەرە»، 141 - بەت.

(25) ئابدۇلھەمىت بىرئىشىق، «ھىنت ئالت قىتئاسى دۇشۇنجە ۋە تەپسىر ئېكوللەرى»، 2001 -يىلى ئىستانبۇل ، 324 ۋە 442

ئەھمەدخان، ئەنئەنىدىن يىراق بولغان بەزى كۆز قاراشلارغا ئىگە بولۇشى بىلەن بىللە مەيلى ئۆز زامانىسىدا بولسۇن ياكى كېيىنكى دەۋرلەردە بولسۇن ئىسلام تەپسىر ھەرىكىتىگە يۇقىرى دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن، ئۇنىڭ ئادەم قىسسەسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىزاھ ئۇسلۇبى، ئاساس ئېتىبارى بىلەن مۇھەممەد ئابدۇھ (1905) ۋە مۇھەممەد ئىقبال (1938) تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. شۇنىڭدەك مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دېڭىزنى ئىككىگە ئايرىشى، بېلىقنىڭ يۇنۇس پەيغەمبەرنى يۇتۇشى، جىن، پەرىشتە، شەيتان، جەننەت ۋە جەھەننەمگە ئوخشاش تېمىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىزاھاتلىرى، كېيىنكى دەۋرلەردە كۆپ قىسىم تەپسىرچىلەر تەرىپىدىن ھېچقانداق تەھلىل سۈزگۈچىدىن ئۆتكۈزۈلمەستىن قوللىنىلغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان.[26]

بۇ يەردە ھىندىستان يېرىم ئارىلىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئابدۇللاھ چەكرئالەۋى (1914) تەرىپىدىن، 1912 -يىلى «ئەھلۇز زىكىر ۋەل قۇرئان» ئىسمى بىلەن تەشكىللەنگەن قۇرئانچىلار ئېقىمىدىمۇ بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ ئۆتۈش زۆرۈر. ئاساسەن سەييىد ئەھمەدخان، شىراگ ئەلى (Chirag Ali) ۋە سەييىد ئەمىر ئەلى (1928) قاتارلىق مودېرنىزمچىلار ۋەكىللىك قىلىدىغان كۆز قاراشنىڭ بىرئاز تاكامۇللاشقان شەكلىدىن ئىبارەت بولغان بۇ ئېقىم، كىلاسسىك «ئۇلۇمۇل قۇرئان» ئەدەبىياتىدىكى مەزمۇنلارنى، قۇرئاننى توغرا چۈشىنىشكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ، دېگەن چۈشەنچە بىلەن پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىشقا قاراپ ماڭغان. ئاتالمىش زامانىۋى قۇرئان ئىسلامچىلىقىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك نەزەرىيىچىلىرىدىن تەركىب تاپقان بۇ ئېقىمنىڭ ئاساسلىق ھەرىكەت نۇقتىسى، ئىسمىدىن چىقىپ تۇرغىنىدەك، قۇرئاننىڭ ھەر تەرەپتىن كافى (يېتەرلىك، كۇپايە) ۋە شافىي (دەرتكە داۋا، ئوچۇق ۋە ئاشكارا) بىر كىتاب ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرمەكتۇر.

بۇ قاراش تەرەپدارلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان رىۋايەت ماتېرىياللىرىنى ئەڭ باشتا رەت قىلغاندىن باشقا، ناماز ۋاقىتلىرى ۋە رەكئەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، قۇرئان تېكىستلىرى ئۈستىدە، ئۇنىڭ

- بەتلەر. ئىسمائىل ئالبايراق، يۇقىرىدىكى ئەسەر، 81-43 - بەتلەر. شابان ئالى دۈزگۈن، «سەييىد ئاھمەدخان ۋە ئەنتەللېكتۇەل مودېرنىزمى»، 1997 - يىلى ئەنقەرە ۋە ئەيىنى يازغۇچىنىڭ «راسيونالىست دۈشۈنجەنىڭ قۇرئان يورۇمۇنا ئەتكىلەرى»، 2 - قۇرئان سەمپوزيۇمۇ، ئەنقەرە 1996 - يىلى، 305 ۋە 324 - بەتلەر.

(26) مۇستافا ئۆزتۈرك، «قۇرئان ۋە تەپسىر كۈلتۈرۈمىز»، 142 - بەت.

www.uygurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

مەنىسىنى بۇزىدىغان دەرىجىسىدە تەھلىللەر ئېلىپ بارغان. مەسىلەن، «بارلىق مەدھىيە يەر ۋە ئاسماننى يوقتىن بار قىلغان؛ پەرىشتىلەرنى ئىككى، ئۈچ ۋە تۆت قاناتلىق ئەلچىلەر قىلغان ئاللاھقا خاستۇر.» مەنىسىدىكى ئايەتنى (35/فاتىر،1)، «ئەي، ئاسمان ۋە يەر ئەھلى! ئاللاھنىڭ رىزاسىنى قازىنىش ئۈچۈن، بەش ۋاخ نامىزىڭلاردا فاتىھەنى ئوقۇڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ئالتە رۇكنى (قىيام، قىرائەت، رۇكۇ ۋە باشقىلار) بار بولغان نامازغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن، پەرىشتە ئەلچىلىرىنى ئەۋەتتى.» شەكلىدە چۈشەندۈرگەن. بۇ جەرياندا، ئىسلام دۇنياسىدىكى زەئىپلىك ۋە يوقلىشىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەنئەنىگە ئارتىلغان. ئېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزلىرى ياشىغان دەۋردىكى كېلىشمەسلىكلەرنىڭ پۈتۈن گۇناھىنى ئىسلامىي ئىلىملەر ۋە مەدەنىي مىراسلىرىغا ئارتىپ قويغان ۋە ئىبادەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى ئەنئەنىۋى تەتبىقاتلارنى كىلاسسىك شەكىللىرىدىن ئايرىپ چىقىپ يېڭى بىر قېلىپقا كىرگۈزۈشكە تىرىشقان.[27]

ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىكى باشقا يېڭىلىقپەرۋەر كىشىلەر قاتارىدا فەزلۇرراھماننىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەك. ئۇ، « ئىسلام ۋە مودېرنىلىق» دېگەن ئەسىرىدە تەۋسىيە قىلغان تەپسىر ئۇسۇلى بىلەن شۆھرەت قازانغان. فەزلۇرراھماننىڭ ئاساسى لايىھەسى، زامانىۋىلىققا يۈزلىنىشتىن ئىبارەت.[28]تۇتۇرۇقسىز يېڭىلىقچىلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدا ئىسلاھاتچى، غەربلىكلەرنىڭ ئالدىدا قوغدىغۇچى بىر پوزىتسىيە تۇتۇشىنىڭ «ئۆزگىچىلىك ۋە خاسلىق» نەتىجىسى يارىتىدىغانلىقىغا دىققەت قىلغان فەزلۇرراھمان، قۇرئاننى ئەخلاق يولباشچىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن. ئۇ يەنە «قۇرئان ھەممىدىن ئاۋۋال بىر قانۇن كىتابى بولمىغىنىدەك، مۇنداق مەقسىتىمۇ يوق. ئۇ ئۆزىنى ئىنسانلارنىڭ يول كۆرسەتكۈچىسى دەپ ئاتايدۇ. ئىنسانلارنىڭ شۇ كۆرسىتىلگەن يول بويىچە مېڭىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما، بۇ بۇيرۇقلار ئومۇمىي جەھەتتىن بىر ھوقۇقىيلىققا ئىگە ئەمەس، ئەخلاقىيلىققا ئىگە» دەپ قارىغان.[29] ئەپسۇسكى، ئۇ بۇ كۆز قاراشلىرى

(27) مۇستافا ئۆزتۈرك، يۇقۇرىدىكى ئەسەر، 143-142 - بەت.

(28) مۇستافا ئۆزتۈرك، «تەپسىر تارىخىدا ئەھلى قۇرئان ئېقىمى»، چۇقۇرئوۋا ئىلاھىيات فاكۇلتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 3 - جىلد، 1 - سان، 2003 - يىلى، 200-167 - بەتلەر. خادىم ھۈسەيىن ئىلاھىباخش، «ئەل قۇرئانىييۇن»، 1989 - يىلى تائىف، 25 - بەت. ئابدۇلھەمىت بىرىشىق، يۇقۇرىدىكى ئەسەر، 395-318 - بەتلەر.

(29) فەزلۇرراھمان، «ئاللاھىن ئەلچىسى ۋە مەساژى»، تۈركچىگە تەرجىمە قىلغۇچى، ئادىل چىفتچى، 1997 - يىلى ئەنقەرە، 110 - بەت.

بىلەن ئىسلامنىڭ شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى پاسسىپلاشتۇرغان. فەزلۇرراھمان، قۇرئاندىكى شەرىئەت - ئەھكاملىرىنىڭ نەچچە ئەسىر ئاۋۋالقى مەسىلىلەرگە بېرىلگەن جاۋاب ئىكەنلىكى چۈشەنچىسىدىن يولغا چىقىپ، بۈگۈنكى كۈندە ئەينەن يولغا قويغاندا پايدىلىق نەتىجە يارىتالمايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن.[30] لېكىن فەزلۇرراھماننىڭ بۇ جەھەتتىكى كۆز قاراشلىرى دەۋرىمىز ئالىملىرى تەرىپىدىن يېتەرلىك دەرىجىدە تەنقىدكە ئۇچرىغان.[31]

ئاخىرقى مەزگىلدە فەزلۇرراھماننىڭ «ئەھۋال قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مېنىڭ چىن قەلبىمدىن ئىشىنىدىغىنىم، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىمىز ۋە پۈتۈن دۇنيا ئالدىدا قۇرئاننىڭ كۆز قاراش ۋە غايىلىرىنى تارىخنىڭ خارابىلىرى ئارىسىدىن تارتىپ چىقىرىپ، قايتىدىن جانلاندۇرۇش مەسئۇلىيىتى بار.» دېگەن سۆزلىرى ئىسلام دۇنياسىدا ئېتىبارغا ئېلىنغان.[32] فەزلۇرراھماننىڭ ئەخلاق ۋە ھوقۇقنى مەقسەت قىلغان ھەم ئالدىنقى ئورۇندا قويغان قۇرئان چۈشەنچىسى 1982 - يىلى مۇسۇلمانلىقنى ئېلان قىلغان فرانسىيەلىك روگېر گارۇدى تەرىپىدىنمۇ تەنقىدسىز ھالدا قوبۇل قىلىنغان. خۇددى فەزلۇرراھماندەك قۇرئاننىڭ بىر ئەخلاق يولباشچىسى ئىكەنلىكىنى قايتا - قايتا تەكىتلىگەن گارۇدى، ئىلاھىي تەبلىغكە ھاياتلىق قازاندۇرۇشنىڭ پەقەت مۇھەببەت باغلاش - بۇنىڭغا تەقۋا ئەخلاقىمۇ دېيىلىدۇ - ۋە ئىجتىھات يولى بىلەن مۇمكىن بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن.[33] بۇ يەردە پەلەستىنلىك ئىسمايىل راجى فارۇقىنىڭ (1986) قۇرئان پىكرى ۋە قۇرئان ئىرادىسىگە مۇناسىۋەتلىك كۆز قاراشلىرىنى قىسقىچە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. بەزى دۆلەتلەردە ئىسلامغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلىرى بىلەن تونۇلغان فارۇقىينىڭ قارىشىچە، قۇرئان ئاساسىي جەھەتتىن ئەخلاقىيلىققا ئىگە بىر كالام. قۇرئان تېكىستلىرىدىكى ئەخلاقىي قىممەت تېپىا قىلىنمىغان مەزمۇنلار بولسا، ئەسلىدە دىنىي - ئەخلاقىي پرىنسىپلارنىڭ بايانىغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىيلىققا ئىگە بىر ئۆرنەكتۇر. بۈگۈن مۇسۇلمانلارغا چۈشكەن ۋەزىپە قۇرئاننىڭ قىممەتلىك تەلىماتلىرىنى

(30) ئۆمەر ئۆزسوي، «قۇرئان ۋە تارىخسەللىك يازىلارى»، 2004 - يىلى ئەنقەرە، 122 - بەت.

(31) خەيرۇددىن قارامان، «تەپسىردە ئەسكى- يېڭى تارتىشمالار»، 37-35 - بەتلەر. بۇ ماقالە بىر قانچە يازغۇچىنىڭ ماقالىلىرىدىن تەركىپ تاپقان «قۇرئانى كەرىم، تارىخسەلجىلىك ۋە ھەرمونىتىك» دېگەن كىتابتا 2003 - يىلى «ئىشىق» نەشرىياتى تەرىپىدىن ئىزمىردە نەشر قىلىنغان.

(32) فەزلۇرراھمان، «ئىسلامى يېڭىلەنمە»، تۈركچىگە تەرجىمە قىلغۇچى: ئادىل چىفتچى، -2000 يىلى ئەنقەرە، -12 بەت.

(33) گارائۇدى، «ئەنتەگرىزم»، فىنار نەشرىياتى، 2005 - يىلى ئىستانبۇل، 10-9 - بەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سىستېمىلىق شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇشتۇر.[34]

زامانىمىزدا جىددىي ئىسلاھات خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يەرلەرنىڭ بىرى مىسىردۇر. يەنى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، قۇرئاننىڭ ھىدايەت ۋە قۇدرىتىنى (تەجدىد) يېڭىلىقپەرۋەر يولى بىلەن ئىجتىمائىي ھاياتتا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئېقىملار سىپىگە، مىسىردىن يېڭى بىر ھەرىكەت قوشۇلدى. بۇ مۇھەممەد ئابدۇھ باشچىلىقىدىكى «مەنار» ئېقىمى ئىدى. ئۇنىڭ ئىسلاھات - يېڭىلىق چاقىرىقى، بۇ دەۋرنىڭ ئەڭ قىزىق نۇقتىلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلمەكتە. جامالۇددىن ئافغانىينىڭ (1935) ئافغانىستاندىن ئايرىلىشى بىلەن بارلىققا كېلىپ، مۇھەممەد ئابدۇھ (1905) ۋە رەشىد رىزا (1935) نىڭ كۆپ كۈچ چىقىرىشى بىلەن تەرەققىي قىلغان بۇ ئېقىم، زامانىمىزدىكى قۇرئان تەپسىر پائالىيىتىگە پەرقلىق بىر مەزمۇن قوشتى. تەپسىر تارىخى كىتابلىرىدا «ئىجتىمائىي تەپسىر ئېقىمى» دەپ ئاتالغان بۇ ھەرىكەتنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئىسمى مۇھەممەد ئابدۇھتۇر. ئۇ ئىسلامنىڭ ئاساسىي مەسىلىلىرىنى ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچى كىملىكى بويىچە تەھلىل قىلىشقا تىرىشقان. پىكرىي يېڭىلىقلار بىلەن يېتىشكەن ئىنسان ئامىللىرىغا تايىنىپ، «يېڭىدىن تۇغۇلۇش» ئىدىيەسىنىڭ ئىزىنى قوغلىغان ئابدۇھنىڭ قارىشىچە، ئىسلام دۇنياسىدىكى كۆپ قاتلاملىق چۈكۈش ۋە مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، دىنىي تەپەككۇردا يېڭىلىق شەرت ئىدى. بۇ لايىھەنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشنىڭ ئەڭ ئاساسىي شەرتى، ئىسلامنى مەزھەپ ئىختىلاپلىرىدىن بۇرۇنقى ساپ ھالىتىگە قايتۇرۇش. بۇنىڭدىن باشقا تەقلىدنى رەت قىلىش، قۇرئان - سۈننەتنى ئەقىل بىلەن چۈشىنىشنى ئاساس قىلىش. ئۇ، زامانىۋى بىلىملەردىن پايدىلىنىشنىمۇ غەلىبىگە ئېرىشىشنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى دەپ قارىغان.

مەنار ئېقىمىنىڭ نەزىرىدە، ئىسلامىي يېڭىدىن تىرىلىشكە بارىدىغان يولدىكى تۇنجى بېكەت قۇرئاندۇر. بۇ سەۋەبتىن قۇرئان، يېڭى بىر كۆز قاراش بىلەن تەھلىل قىلىنىشى كېرەك. تەھلىل پائالىيەتلىرىدىكى ئاساسىي پرىنسىپ قۇرئاننىڭ ۋەھيى قىلىنىشتىكى مەقسىتىگە دىققەت قىلىش، يەنى ئىلاھىي خىتابنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش سەۋەبىنىڭ، ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش مەقسىتىدىن باشقا بىر نەرسە

(34) ئىسمەئىل راجى ئەل فارۇقىي، «قۇرئان يورۇمۇندا يېنى بىر مېتودولوجىيە دوغرۇ»، ئىسلامى ئاراشتىرمالار ژۇرنىلى 7 - جىلد، 4-3 - سان، 1994 - يىلى، 313-305 - بەتلەر.

ئەمەسلىكىنى ئەسلا ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك ئىدى.[35] بۇ سەۋەبتىن، قۇرئاننى چۈشىنىپ ئىزاھلاشنى، پەقەتلا كىلاسسىك تەپسىرلەردە ئادەتتىكە ئايلىنىپ كەتكەن، تېكىست تەھلىل قىلىش پائالىيىتى سەۋىيەسىگە چۈشۈرۈپ قويۇش خاتا ئىدى. يەنە ئىشەنچلىك بولمىغان رىۋايەت ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىشقا بولمايتتى. توغرىسى قۇرئاننىڭ بىر ئايىتىنى ئالدى بىلەن يەنە قۇرئاننىڭ باشقا بىر ئايىتى بىلەن ئىزاھلاش ۋە بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا ئەقىلنى ئاكتىپ ئىشقا سېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك ئىدى. قۇرئاننى تەپسىر قىلىشتىكى غايە، ئىمان ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن بېزەلگەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتى بەرپا قىلىشقا تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا تەپسىر بىر ئىلمىي پائالىيەتتىن ئىبارەت بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى ئاللاھنىڭ ئىنسانلاردىن كۈتكەن تەلىۋىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ۋاستىسى ئىدى. بۇ سەۋەبتىن تەپسىرچىنىڭ ئەسلى ۋەزىپىسى، ئىنسانلارغا قۇرئاننىڭ چۈشۈرۈلۈش سەۋەبى بولغان ھىدايەت يولىنى كۆرسىتىش غايىسىنى ئاكتىپ ئىجرا قىلىش ئىدى.[36]

ئابدۇھ ۋە رەشىد رىزانىڭ پىكرىچە كىلاسسىك تەپسىرلەر، تەپسىلىي گىراماتىكىلىق ئىزاھلار، بالاغەت ماھارىتى ۋە ئەدەبىي سەنئەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىنچىكە نۇقتىلار، كالامى مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك قاراشلار، مېتودولوگىيە ئالىملىرىنىڭ كەشپىياتلىرى، دورامچى فىقھچىلارنىڭ ھۆكۈم ۋە پەتىۋالىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن. بۇ مەلۇماتلار دۆۋىسى، قۇرئاننى مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئوقۇپ چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئاللاھ نىشان قىلىپ كۆرسەتكەن دىنىي - ئەخلاقىي پەزىلەتلەر بىلەن ئۆزىنى قورالاندۇرۇشنى خالايدىغان ئىنسانلار ئۈچۈنمۇ توسالغۇ. شۈبھىسىزكى، قۇرئاننى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن، ئەرەب تىلىنى ئاساس قىلغان مېتود (ئۇسۇل)، رىۋايەت ۋە باشقا بىلىملەردىن پايدىلىنىش كېرەك. پەقەت بۇ خىلدىكى بىلىملەردىن كېرەكلىك بولغان جايلاردا ئۆلچەملىك پايدىلىنىش، يەنى كىلاسسىك تەپسىرلەرگە ئوخشاش ۋاستىنى غايىگە ئايلاندۇرۇۋالماسلىق، ئەرەب تىلىدىكى گىراماتىكىلىق قائىدىلەرنى قۇرئان تېكىستىنى تىزگىنلەيدىغان بىر مۇراجىئەت مەنبەسى ھالىغا كەلتۈرۈپ قويماسلىق كېرەك.[37]

---

(35) رەشىد رىزا، «تەفسىرۇل مەنار»، 1999 - يىلى بېيرۇت، 1 - جىلد، 25 - بەت.

(36) رەشىد رىزا، يۇقىرىدىكى ئەسەر، -26-25بەتلەر.

(37) رەشىد رىزا، يۇقىرىدىكى ئەسەر ، -1 جىلد، -47-46بەت، -3 جىلد، -48 بەت، -4 جىلد، -392 بەت.

www.uyghurkitap.com

ئابدۇھ ۋە رەشىد رىزانىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەرگە قاراتقان ئەڭ يىرىك تەنقىدلىرىدىن بىرى «ئىسرائىلىيات» دەپ ئاتىلىدىغان يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ ئەپسانىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. «ئىسرائىلىيات» خاراكتېرلىك رىۋايەت ماتېرىياللىرى قۇرئاننى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن توسالغۇ بولىدىغانلىقتىن، دەلىل قىلىپ قوللىنىشقا بولمايدۇ. مەلۇم بولغىنىدەك، رەشىد رىزا «ئىسرائىلىيات» نى رەت قىلىش بىلەنلا قالمىغان، بۇ تېمىدا مەنبە قىلىپ كۆرسىتىلگەن يەھۇدىي نەسىللىك كەئبۇل - ئەخبارنى (32/652-653) ئىسلام ئېتىقادىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى، دېگەن تەشەببۇس بىلەن ئەيىبلىگەن . بۇ ھەقتە قەدىمدىن تارتىپ ھەققىي، راست دەپ قارالغان دەججال، قىيامەت ۋە ئەيسانىڭ قايتا دۇنياغا كېلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرگە، «ئىسرائىلىيات» كاتېگورىيەسىدە باھا بېرىشى تەنقىدكە ئۇچرىغان. كىلاسسىك تەپسىرلەرنى بەزىدە ناھايىتى ئېغىر ئىپادىلەر بىلەن تەنقىد قىلغان ئابدۇھ ۋە رەشىد رىزا، قۇرئاننى قۇرئان بىلەن تەپسىر قىلىش ئەڭ ياخشى ئۇسۇل دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقتە ئابدۇھ، ئەقلىي كۈچكە بەرگەن ئەھمىيىتى جەھەتتىن مۇتەزىلەنى ئەسلىتىدۇ. ئابدۇھ، «فۇرقان» دەپ ئاتىغان ئەقلىنىڭ رولى، ئۇنىڭ قىسسەلەرنى تەپسىر قىلىشى جەريانىدا ئەڭ روشەن ھالدا ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە ئابدۇھ مۆجىزىنىڭ ئىمكانىنى رەت قىلماسلىق بىلەن بىللە قۇرئاندىكى ئىنسان ئەقلى يەتمەيدىغان ئىپادىلەرنى مەجاز (كۆچمە مەنە)، تەمسىل قاتارلىق تەپسىر ئەسۋابلىرى (قۇرئاننى تەپسىر قىلىش جەريانىدا پايدىلىنىدىغان ئىلىم تارماقلىرى) بىلەن ئاددىيلاشتۇرۇشقا تىرىشقان. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىكى ھاياتى، مەنئىي قىلىنغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشى ۋە جەننەتتىن قوغلىنىشى قاتارلىقلارنى، ئىنسان ھاياتىدىكى بالىلىق، ياشلىق ۋە قىرانلىق چاغلىرىغا تەمسىل قىلىپ، شۇ ھەقتىكى قىسسەنى ئەپسانىلەردىن ئايرىش ئۇسۇلىنى قوللانغان.[38]

مەنار تەپسىرىگە قارىساق، ئەھكام ئايەتلىرى ئۈستىدە قوغداش خاراكتېرىدە تەھلىل ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرىمىز. تېخىمۇ ئوچۇق ئېيتقاندا، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش، ئاياللارنىڭ گۇۋاھلىقى، ئايالنىڭ ئېرىدىن تاياق يېيىشى قاتارلىق تېمىلار ھەققىدە سۆزلەنگەن ئايەتلەرنى، ئۈستىلىق بىلەن زامانىۋى قىممەت سىستېمىلىرىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا تىرىشقان. «قۇرئاندا ۋاقتى ئۆتكەن ھېچبىر بۇيرۇق يوقتۇر.

(38) رەشىد رىزا، يۇقىرىدىكى ئەسەر، 1- جىلد، 282-283- بەت.

ئەكسىچە، ھەر ئايەتنىڭ ھەر زامان ۋە زېمىندا سۆزلەيدىغان سۆزى باردۇر.» دېگەن پىكرىنى بەك قوغدىغان.[39] شۇڭلىدەك ئابدۇھ ۋە رەشىد رىزانىڭ ئورتاق مەھسۇلاتى بولغان مەنار تەپسىرى، ئۆز ئىچىگە ئالغان بىلىم - ماتېرىياللىرى بىلەن ئەنئەنىۋى شەكىللەردىن بەك پەرقلىق ئەمەس. پەرقلىنىدىغان يېرى، ئابدۇھنىڭ تەپسىر چۈشەنچىسىدە ئەقلىنىڭ كۈچىگە ھەددىدىن زىيادە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. كۆز ئالدىمىزدىكى بىر ھەقىقەت شۇكى، مەنار تەپسىرى كېيىنكى مەزگىللەردە قۇرئان تەتقىقاتىغا قوشقان تۆھپىسى بىلەن كىتابلىقلارنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە ۋە ھازىرغىچە كۆپلىگەن قۇرئان تەتقىقاتىغا رەھبەرلىك قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىماقتا.

تارىخىي باسقۇچ جەريانىدا رەشىد رىزا ئۇستازى ئابدۇھنىڭ يولىدىن چىقىپ، ۋاھابىيلىك ئېقىمىغا يېقىنلىششقا باشلىغان ۋە سەلەفى - ھەنبەلىلىككە مايىل بىر پوزىتسىيەدە بولغان. ئۇنىڭ بۇ خىل ئىرادىسى «مەنار ئېقىمى» نى ئىبنى تەيمىييەنىڭ (1328/728) تۇتقان يولىغا يېقىنلاشتۇرغان. بۇ يېڭىچە سەلەفى مايىللىق مىسىردىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار (ئىخۋانۇل مۇسلىمىين) تەشكىلاتىنىڭ شەكىللىنىشىگە زېمىن ھازىرلىغان. مىسىردا ھەسەن ئەل - بەننا (1949) تەرىپىدىن 1928 - يىلىدا ئاساسى تۇرغۇزۇلغان بۇ تەشكىلات بىلەن مەۋدۇدىنىڭ ئىسلامىي نىزام تەسىس قىلىش ئىدىيەسى ئاساسىدا پاكىستاندا قۇرۇلغان «جامائەتى - ئىسلامى» تەشكىلاتى كېيىنكى مەزگىللەردىكى قۇرئان روھىنى تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنى پەرقلىق بىر سەۋىيەگە كۆتۈرگەن.[40]

زامانىۋى دەۋردىكى تەپسىر خىزمەتلىرىدە مۇھىم كۆز قاراشلارغا ئىگە بولغان سەييىد قۇتۇبنىمۇ بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش پايدىلىق. مىسىردىكى كۈرەشنى مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىدىن تېخىمۇ رادىكال بىر دائىرە ئىچىدە يۈرۈتكەن ۋە شۇ سەۋەبتىن 1966 - يىلى جامال ئابدۇنناسىر تەرىپىدىن دارغا ئېسىلغان سەييىد قۇتۇبنىڭ «20 - ئەسىردىكى جاھىلىيەت»، «جاھىلىيەت ۋە شەيتانىي تۈزۈم»، «ساختا تەڭرىلەر» قاتارلىق تەبىرلەردىن مۇرەككەپ كۆپلىگەن ئىپادىنى «فى زىلالى

(39) ھاسىب ئەسسەمەررائىي، «رەشىد رىزا ۋەل مۇفەسسىر»، 1976- يىلى باغداد، 359-327- بەتلەر.

(40) ئولىۋەر روي، «سىياسىي ئىسلامنىڭ چۆكۈشى»، تۈركچىگە تەرجىمە: جۈنەيت ئاقئالىن، 1994- يىلى ئىستانبۇل، 61- بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

- قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە كۆرۈش مۇمكىن.[41] ئۇ، پىرىنسىپ جەھەتتىن يۇقىرىدا بىز ئۇستىدە توختىلىپ ئۆتكەن كىشىلەردىن مۇتلەق كۆپ ساندا پەرقلىنىدۇ.

سەييىد قۇتۇب، ئىسلامنىڭ زامانىۋىلىشىشقا ياكى زامانغا ماسلىشىشقا ئېھتىياجى بولمىغان كامىل بىر سىستېما ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن. ئۇ بۇ سىياسىي رادىكال چۈشەنچىسى بىلەن غەرب دۇنياسى بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈش ۋەياكى ئۇلاردىن مۇداپىئەلىنىشتەك بىر پوزىتسىيە تۇتمىغان. ئەكسىچە، غەرب بىلەن قارىمۇ قارشى پوزىتسىيە ئىچىدە بولغان. ئىسلامنىڭ ئەقىدە ۋە ھوقۇق ئاساسلىرىنى زامانىۋى سىياسىي بىر يول بىلەن چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان. قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان جاھىلىيەت، تاغۇت ( شەيتان)، تەۋھىد ( بىر خۇدالىق)، شۇرا، ھىزىب (گۇرۇھ)، چارەسىزلەر ۋە ئۇلۇغلار مەجلىسى قاتارلىق ئاتالغۇلارنى زامانىۋى دەۋرگە تەتبىقلاپ تەھلىل قىلغان. بۇ شەكىلدە قۇرئان تېكىستلىرىنى سىياسىي مۇستەقىللىق، سايلام، مەجلىس، قانۇن، ئاساسىي قانۇن، سىياسىي پارتىيە، كاپىتالىزم، ئىمپېرىيالىزم، سىنىپسىز كوللېكتىپ، دېموكراتىيە، بۇرژۇئازىيە ۋە ئىنسان ھەقلىرى(كىشىلىك ھوقۇق) گە ئوخشاش زامانىۋى ئۇقۇملارنى تالاش - تارتىش قىلىنىدىغان بىر مەيدانغا ئېلىپ كىرگەن.[42]

سەييىد قۇتۇبنىڭ پىكرى بويىچە ئېيتقاندا، زامانىۋىلاشقان جەمئىيەت، نادانلاشقان جەمئىيەت بولغانلىقتىن، مۇسۇلمان تەتقىقاتچىلارنىڭ ئۆسۈم، سۇغۇرتا، نوپۇس پىلانلاش قاتارلىق مەسىلىلەر بىلەن ھەپىلىشىشى ۋە بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە پەتىۋا بېرىشكە تىرىشىشى ھەم كۈلكىلىك ھەم بىھۇدە ئىش. بۈگۈنكى كۈندە قىلىشقا تېگىشلىك ئىش، مەۋجۇت جەمئىيەت مەسىلىلىرىگە قۇرئان ۋە سۈننەتتىن جاۋاب تېپىش ئەمەس، بۇ ئىككى مەنبەنىڭ بارلىق ھۆكۈملىرىنى تولۇق مەنىسى بىلەن ئىجرا قىلىدىغان جامائەت شەكىللەندۈرۈش.[43] ئۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈملىرى ئىجرا قىلىنىدىغان بىر جامائەت شەكىللەنگەندە، ھەممە نەرسىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزگىرىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ. ھازىرقى جەمئىيەت ئىسلامىي بولمىغان بىر جەمئىيەت بولغاچقا، نادانلىقتىن كېلىپ چىققان ئېھتىياجلىرىنى نەزەرگە ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ.

(41) مۇستافا ئۆزتۈرك، «قۇرئان ۋە تەپسىر كۈلتۈرىمىز»، -153-152 بەتلەر.

(42) ئولىۋىر روي، يۇقىرىدىكى ئەسەر، -62-61 بەتلەر.

(43) سەييىد قۇتۇب، «فى ظلال القرآن»، -6جىلد، 285.

بۇ ساھەدىكى مۇھىم شەخسلەردىن بىرى، ئىززەت دەرۋەزەدۇر. ئۇ «ئەت - تەفسىرۇل ھەدىيس» ناملىق تەپسىرىدە قۇرئاننىڭ نازىل بولۇش تەرتىپىنى بىر قەدەر يۈزەكى ۋە تولۇقسىز ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بۇ ئەسەر، ئىسلام تەپسىر تارىخىدىكى تۇنجى ئوتتۇرىغا چىققان مەھسۇلات بولۇش سۈپىتى بىلەن تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. ھەم مۇئەللىپىنىڭ بەزى ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ مەككە ياكى مەدىنىدە چۈشۈرۈلگەنلىكىگە ئائىت تەھلىل ۋە تەتقىقاتلىرى دىققىتىمىزنى قوزغايدىغان نۇقتىلاردىن بىرىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ يەنە «ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ ھاياتى» ناملىق ئەسىرىنى قۇرئاننى ئۆز تارىخىدا تەھلىل قىلىشتا پايدىلىق بىر مەنبە بولۇش سۈپىتى بىلەن نىسبەتەن قىممەتلىك بىر ئەسەر دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئىلمىي تەپسىر خىزمەتلىرى راۋاج تاپقان مەزگىل يەنىلا زامانىۋى دەۋر بولغان. بۇ ساھەدىكى تۇنجى ئەسەر، ئەسلى كەسپى دوختۇرلۇق بولغان مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئەل - ئىسكەندەرانى (1889) «كەشفۇل -ئەسرارىننۇرانىيەتىل قۇرئانىيە» ناملىق ئەسىرىدۇر. تاش كۆمۈرنىڭ پەيدا بولۇشىغا دائىر سۆز بىلەن باشلىغان بۇ ئاجايىپ تەپسىرنىڭ ئارقىسىدىن ئابدۇراھمان ئەل - كەۋاكىبىنىڭ (1902) «تەبائىئۇل-ئىستىبدات ۋە مەسايرۇل ئىستىئباد» ناملىق ئەسەرلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. يەنە بۇ تارىختا مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ، فىل سۈرىسى 3 - ئايەتتىكى «تەيرەن ئەبابىل» ئىبارىسىنى «مىكروپلار» دەپ ئىپادىلىگەنلىكى كۆرۈلىدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، تەنتاۋى جەۋھەرى (1940) «ئەل - جەۋاھىر ناملىق» ئېنسىكلوپېدىيە خاراكتېرلىك ئەسىرى بىلەن ئىلمىي تەپسىر ساھەسىگە چوڭ تۆھپە قوشقان.
ئىلمىي تەپسىر ئېقىمىغا مۇھەممەد ھۈسەيىن ئەز- زەھەبى (1978) ۋە ئەمىن ئەل - خۈلى (1966) غا ئوخشاش شەخسلەر تەرىپىدىن جىددىي تەنقىدلەر ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، قۇرئاندىن بىلىم چىقىرىش غەيرىتى ئازايغىنى يوق؛ ئەكسىچە، يېقىنقى زامانلاردا، دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدىن يېڭى - يېڭى تەشەببۇسلار ئوتتۇرىغا چىقماقتا.

زامانىمىزدا، مەيلى ئىسلام ھوقۇقى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئەقىدە جەھەتتىن بولسۇن ياكى قۇرئاننى يېڭىچە بىر نەزەر بىلەن تەپسىر قىلىش جەھەتتە بولسۇن يېڭىچە كۆز قاراشلاردىن نىسۋىسىنى ئالغان بىر رايوننى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ يەردە تەلىم ئالغان يېڭىلىقپەرۋەر ئېقىمنىڭ بېشىدا مۇسا جارۇللاھنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش مۇمكىن. ئىسلامىي ئىلىملەرنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىدە

www.uyghurkitap.com

يېتىشىپ چىققان مۇسا جارۇللاھ، ئۆز دەۋرىدە كۆپ تەرەپلىمىلىك خىزمەتنىڭ يولىنى تۇتقان. بىر تەرەپتىن كىلاسسىك ئوقۇ - ئوقۇتۇش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلسە، يەنە بىر تەرەپتىن ھەرخىل تېمىلاردا ئەسەر يېزىپ جەمئىيەتنىڭ ئويغىنىشى ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلغان.

## خۇلاسە

قۇرئانى كەرىم، مۇسۇلمانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىدىكى ئاساس يولباشچى. بۇ كىتابنىڭ يولباشچىلىق ۋەزىپىسى ئىنسانلارنىڭ ئۇنى ئوقۇپ چۈشىنىشى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئاكتىپ جارى قىلدۇرۇشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. تەپسىر ئىلمى بولسا، قۇرئان ئايەتلىرىنى ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىش سۈپىتى بىلەن ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ئەتراپىدىكى ئىنسانلارغا قۇرئاننى يېتەرلىك دەرىجىدە ئىزاھلاپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ دەۋرىدە ھېچقانداق مەسىلىدە ئىختىلاپ يۈز بەرمىگەن. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىسلام دىنىنى كېيىنكى نەسلىگە يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى تەبىئىي ھالدا ساھابىلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بىر ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى. دەسلەپكى ئىككى خەلىپە دەۋرىدىكى ۋەزىيەت پەيغەمبەر دەۋرىدىكىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمىگەن. پەقەتلا چېچىلاڭغۇ ھالەتتىكى قۇرئان تېكىستىنىڭ بىر توپلام ھالىتىدە جەملىنىشىنى بۇ باسقۇچتىكى مۇھىم بىر خىزمەت دەپ قاراشقا بولىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە بولسا، شەرت - شارائىتنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن قۇرئاننىڭ بەزى ئايەتلىرىنىڭ تەپسىرى ئۈستىدە ساھابە ئىچىدە مۇھاكىمە سورۇنلىرى شەكىللىنىشكە باشلىغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام تارىخىنىڭ بۇ باسقۇچىدا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئىزاھلاشقا بولغان ئېھتىياج قەدەممۇ قەدەم ئېشىشقا باشلىغان. ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدە بولسا، تېز سۈرئەتتە كېڭىيىشكە باشلىغان ئىسلام جۇغراپىيەسىدىكى قۇرئانغا بولغان ئېھتىياجنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قۇرئان نۇسخىلىرىنى كۆپەيتىپ يېڭىدىن پەتىھ قىلىنغان رايونلارغا ئەۋەتىلگەن. ھەر قايسى رايونلارغا ئۇنى ئۆگىتىدىغان مۇئەللىملەر تەيىنلەنگەن. بۇنىڭ سىرتىدا قۇرئان تەپسىرىگە دائىر تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك ئالاھىدە بىر پائالىيەت كۆرۈلمىگەن.

ساھابە دەۋرىدە قۇرئان ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن نامى مەشھۇر ساھابىلەردىن ئەلىي ئىبنى ئەبى تالىپ، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئۇبەي ئىبنى

كەئىب، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس قاتارلىق كىشىلەرنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. بولۇپمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس قۇرئاننى تەپسىر قىلىش جەھەتتىكى ماھارىتى بىلەن داۋاملىق تەپسىر تارىخى بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئېلىپ كەلدى.

ساھابىدىن كېيىنكى نەسلىنىڭ مەزمۇنى مول، ئۇسلۇب جەھەتتىن ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغان بۇ كىتابنى تولۇق چۈشىنەلىشى ۋە مەزمۇننى باشقىلارغا ئېنىق ئىزاھلاپ بېرەلىشى ئۈچۈن بەزى ياردەمچى مەلۇماتلارغا ئېھتىياج ھاسىل بولغان. بۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي قۇرئان تەپسىر قىلىشنىڭ ئۇسلۇب/ مېتودلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەسەرلەر يېزىلىشقا باشلىغان. پەقەت ھىجرىيەنىڭ بىرىنچى ئەسرى بىلەن ئىككىنچى ئەسرىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە، ئىسلام ئالىملىرى بۇ تۆردىكى بىلىملەرنى ئاساسلىقى ئاغزاكى رىۋايەت شەكلى ئارقىلىق بىر - بىرىگە يەتكۈزگەن. تەخمىنەن ھىجرىيە 2 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ، قۇرئان ئىلمىنىڭ تۇنجى يادروسىنى تەشكىل قىلغان تەپسىر، ھەدىس مەجمۇئەلىرىنىڭ بىر بابى سۈپىتىدە يازما دەۋرىگە قەدەم قويغان.

زاماننىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، قۇرئان تەپسىرىنى تېما قىلغان مۇستەقىل ئەسەرلەر يېزىلىشقا باشلىغان. خىلمۇ خىل پىكىرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئەگىشىپ، تەپسىرلەرنىڭ مېتود ۋە مەزمۇنلىرىمۇ خىلمۇخىللاشقان. ئالىملارنىڭ قۇرئان ئوتتۇرىغا قويغان چۈشەنچىلەرنى تەھلىل قىلىش جەھەتتىكى ئىلمىي قابىلىيىتى، ياشىغان مۇھىتنىڭ تەسىرى ۋە ئىدېيولوگىيەلىك پوزىتسىيەسى ئىسلام تەپسىر تارىخىدا ئوخشاش بولمىغان ئېقىملارنىڭ شەكىللىنىشىدە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە رول ئوينىغان. ئەخلاق، سىياسەت، ئېتىقاد، ھوقۇق، ئىبادەت قاتارلىق تېمىلارغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ ھاياتلىقتا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى ياكى توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ھايات بىلەن بۇ ئايەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى چەمبەرچاس مۇناسىۋەتنىڭ بەرپا قىلىنىشى، ئېتىقادىي، سىياسىي ۋە فىقھىي مەزھەپلەرنىڭ شەكىللىنىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

بىز بۇ ئەسەردە ئۆتمۈشكە ناھايىتى تېز بىر ھالەتتە كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، تەپسىر خىزمەتلىرىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى تەرەققىياتىغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇشقا تىرىشتۇق. تەتقىقاتىمىز نەتىجىسىدە، دەۋرىمىزدىكى تەپسىر خىزمەتلىرىنىڭ ئىسلام تەپەككۇر تەرەققىياتىنى يېڭى بىر باسقۇچقا ئېلىپ كىرىشتە

www.uyghurkitap.com

تەسىرىنىڭ چوڭ بولغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، دەۋرىمىزدە بۇ خىزمەتلەرنىڭ كۆپىنچە ھاللاردا ئىجابىي رولى يۇقىرى بولسىمۇ، بەزىلىرىنىڭ سەلبىي تەرىپى خېلىلا يۇقىرى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. چۈنكى زېھنى خىرە ياشاۋاتقان بەزى دىندار كىشىلەر تەرىپىدىن ئابى ھايات سۈيىدەك قوبۇل قىلىنغان بۇ كۆز قاراشلارنىڭ ئىسلامنىڭ ئاساسىي ھۇلىنى تەۋرىتىدىغان بىر تۈركۈم زەھەر ئىكەنلىكى نەزەردىن ساقىت بولغان.

بولۇپمۇ سىر ئەھمەدخاننىڭ كېيىنكى دەۋر ئالىملىرى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز بىر ئەڭگۈشتەر بولۇپ قالغان بىر - بىرىگە زىت تەھلىللىرى سەزگۈر پىكىرلىك ئىسلام ئالىملىرى تەرىپىدىن رەت قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا فەزلۇرراھماننىڭ ئىسلام دىنىغا پەقەت ئېتىقاد ۋە گۈزەل ئەخلاقنى ۋەز ئېيتىدىغان بىر دىن سۈپىتىدە قاراپ، دىنىي ھۆكۈملەرنى بۈگۈنكى جەمئىيەتلەر ئۈچۈن ۋاقتى ئۆتكەن تۈزۈملەر دەپ قارىشى، بىر قىسىم زامانىۋى تەپسىر ۋە تەپسىرچىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە سامان يالقۇنىدەكلا ئۆچۈپ قالغان، ياكى ئىسلام ئالىملىرى تەرىپىدىن ئېتىبارغا ئېلىنمىغان. يەنە بىر قىسىم ئىسلام ئالىملىرى بۇ خىل كۆز قاراشلارنى ئۆز مەنبەسىدىن ئەستايىدىل ئوقۇپ، تېخىمۇ كۈچلۈك دەلىللەر بىلەن تەنقىد قىلغان.

بۇ ھەقتە خەتەرلىك دەپ قارالغان يەنە بىر ئەھۋال، ئىلمىي تەپسىرلەردە ئوتتۇرىغا چىققان. ئىلىم - پەن ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە قۇرئاننى يېڭى كەشپىياتلارغا ماسلاشتۇرۇپ تەپسىر قىلىش مەلۇم جەھەتتە توغرا بولۇش بىلەن بىللە ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بەزى خەتەرلىك نەتىجىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. چۈنكى ئىلمىي كەشپىياتلار، ئىلمىي تەجرىبىلەرنىڭ نەتىجىسى بولۇپ ئۆزگىرىشچاندۇر. قۇرئان ۋە ئۇنىڭ توغرا يولى تاكى قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە، ئۆزگەرمەيدۇ. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، قۇرئاندا پەننىي بىلىملەرگە ماتېرىيال بولالايدىغان بەزى پرىنسىپلار بار بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ئاساسلىق غايىسى ئىنسانلارغا بۇ بىلىملەرنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگىتىش ئەمەس، ئۇلاردىن ئىبرەت ئېلىپ، ياراتقۇچىنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى ئىنسانلارنىڭ زېھنىگە يەرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. بىر مۇسۇلمان تەبىئەت ۋە كائىناتتىكى مەجۇداتتىن ئەڭ ياخشى شەكىلدە پايدىلىنىشى لازىم. لېكىن بۇ جەرياندا ۋاستە بىلەن يەتمەكچى بولغان نىشاننى ئارىلاشتۇرۇپ قويماسلىق كېرەك. ئىشارەت قىلغۇچى بىلەن ئىشارەت قىلىنغان شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. ■

دوكتور ئەركىن ئەكرەم

# مىسىردىكى سىياسىي ئۆزگىرىشلەر ۋە خىتاينىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىدىكى ئىنكاسى

2010 – يىلى 17 – دېكابىر كۈنى تۇنىستا مۇھەممەد بۇئازىزى (29.03.1984 – 04.10.2011) ئىسىملىك ياشنىڭ ئۆزىگە ئوت قويۇپ، ئۆلۈۋېلىشقا ئۇرۇنۇش ۋەقەسى يۈز بەردى. بۇ ۋەقەنىڭ تەسىرىدە تۇنىس خەلقىنىڭ قوزغىلىپ چىقىشى نەتىجىسىدە 23 يىلدىن بۇيان دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كېلىۋاتقان زەيىنەل ئابىدىن بىن ئەلى دۆلەتنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى. تۇنىستىكى بۇ ۋەقە، زەنجىرسىمان تەسىر پەيدا قىلىپ، مىسىر، لىۋىيە، سۈرىيە، بەھرەيىن، ئالجىرىيە، ئىيوردانىيە ۋە يەمەن قاتارلىق دۆلەتلەردە كەڭ كۆلەملىك نامايىش، يىغىلىش، ئىسيان ۋە ئىچكى توقۇنۇشلارنىڭ پارتلاپ چىقىشىغا تۈرتكە بولدى. نامايىشلار ئەرەب دۇنياسىدا ئاساسلىقى ئىشسىزلىق، يېمەك – ئىچمەك باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى، سىياسىي مۇستەبىتلىك، پىكىر ئەركىنلىكى، چىرىكلىك ۋە ناچار تۇرمۇش شارائىتى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر سەۋەبىدىن مەيدانغا كەلدى. بۇ مەسىلىلەر بىلەن بىرلىكتە يەنە ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى دىكتاتور ھاكىمىيەتلەرنىڭ بېسىمى، ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىدى.

ئەرەب دۇنياسىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئۆزگىرىشلەر پۈتۈن مۇسۇلمان دۇنياسىغا تەسىر كۆرسەتتى. بۇ ئۆزگىرىشلەر مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى ئىچكى مەسىلىلەر (ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش) ۋە توقۇنۇشلار (سۈننىي – شىئە، مۇسۇلمان – رادىكال مۇسۇلمان) بىلەن بىرلىكتە، ئوتتۇرا شەرقتىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان نۇرغۇن رايونغا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا تەسىر كۆرسەتتى. بۇ ئۆزگىرىشلەر يەنە، مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ يېقىنقى 500 يىلدىن بېرى بارغانسېرى ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان ئويغىنىشىنىڭ سىگنالى بولۇپ قالدى.

نامايىشلارنىڭ ئەرەب دۇنياسىدىكى ئەڭ مۇھىم دۆلەت بولغان مىسىرغا كېڭىيىشى نەتىجىسىدە مىسىر پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى ۋە 30 يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پىرىزىدېنتلىق ۋەزىپىسىدە بولغان ھۆسنى مۇبارەك ھاكىمىيەتتىن غۇلاپ چۈشتى. بۇ ئۆزگىرىشتىن كېيىن، مىسىردا مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى 2011 – يىلى 30 – ئاپرېلدا قۇرغان ئەركىنلىك ۋە ئادالەت پارتىيەسىنىڭ پىرېزىدېنت نامزاتى مۇھەممەد مۇرسى 2012 – يىلى ماي ئېيىدا ئۆتكۈزۈلگەن سايلامدا 51.73% ئاۋاز بىلەن غەلىبە قىلىپ، پىرېزىدېنتلىققا سايلاندى. بىراق، ئىسلامىي كىملىكى بىلەن جەمئىيەتكە تونۇلغان مۇرسى ھۆكۈمىتىدىن بىئاراملىق ھېس قىلغانلار، ئىقتىسادىي ۋە تۇرمۇش قىيىنچىلىقلىرى داۋام قىلغانلىقى ئۈچۈن ھۆكۈمەتتىن نارازى بولغانلار ۋە مۇرسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئارزۇ-تەلەپلىرى نەزەرگە ئېلىنمىغان سېكۇلار (دىن بىلەن ھاكىمىيەتنى ئايرىش تەشەببۇسچىلىرى) قاتلىمىدىكىلەر نامايىش پائالىيەتلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇردى. ئەڭ ئاخىرىدا، 2013 – يىلى 3 – ئىيۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن كەڭ كۆلەملىك نامايىش نەتىجىسىدە مىسىر ئارمىيەسى ۋەزىيەتكە ئارىلىشىپ، ھۆكۈمەتنى تارقىتىۋەتتى. پۈتۈن بۇ مۇساپىدە خىتاينىڭ مۇرسى ھۆكۈمىتىگە قارىتا تۇتقان سىياسىي مەيدانى ھەممىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

## 1 – بۆلۈم: تۇنىستا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەردە مىسىر ۋە خىتاي

### 1- خىتاينىڭ ئەرەب باھارىغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرگە قارىتا ئىنتېرنېتتىكى چەكلىمىسى

خىتاي ھۆكۈمىتى تۇنىس ۋەقەلىرىدىن كېيىن، ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى نامايىش خەۋەرلىرى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئانالىزلارنىڭ تور دۇنياسىدا تارقىلىشىنى توستى. بولۇپمۇ، مىسىر ۋەقەلىرى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، «مىسىر» ياكى «قاھىرە» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىنتېرنېتتە ئىزدەشنى چەكلىدى. خىتاي تاراتقۇلىرىدا شىمالىي ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا شەرقتە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر پەقەت خىتاينىڭ شىنخۇا ئاگېنتلىقىدا بېرىلگەن خەۋەرلەرگە ئوخشاش قىلىپ يېزىلدى، ھەمدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مىسىردا قىيىنچىلىقتا قالغان خىتايلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ ئەكىلىش ئۇرۇنۇشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلىرى ئەڭ كۆپ ئورۇن ئىگىلىدى. شۇنداق بولسىمۇ، نۇرغۇنلىغان خىتايلار بەزى ئىنتېرنېت بەتلىرىنىڭ مۇنبەرلىرىدە، قىسمەن ھالدا فېيسبۇكتا ۋە تىۋىتتېر ئارقىلىق خەۋەرلىشىپ، مۇناسىۋەتلىك ئانالىزلىرىنى ئېلان قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەقەلەردىن ئەندىشە ھېس قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ۋەقەلەر تەبىئىي ھالدا 1989 – يىلى ئىيۇن ئېيىدا خىتاي

پايتەختى بېيجىڭدا يۈز بەرگەن تيەنئەنمېن ۋەقەسىنى ئەسكە سالىدۇ. شىمالىي ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا شەرقتە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەب بولغان ھۆكۈمەت سىيپىدىكى چىرىكلىك، ئىشسىزلىق، پۇل پاخاللىقى ۋە مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى قاتارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەر يېقىندىن بۇيان خىتايدىمۇ روشەن كۆرۈلۈشكە باشلىدى. تارىخىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، خىتاي تارىخىدا قۇرۇلغان 25 سۇلالە ھاكىمىيىتىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ نەتىجىسىدە يىقىلغان ئىدى. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ماۋزېدۇڭمۇ 1949 – يىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى بىلەن مىللىيەتچى خىتاي ھۆكۈمىتى (گومىنداڭ) نى ئۆرۈپ تاشلىدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، خەلق قوزغىلاڭلىرى خىتايدا ئادەتكە ئايلانغان ۋەقەلەردۇر. شۇنداقلا، بۇ خىتاينىڭ سىياسىي مەدەنىيىتىدە ناھايىتى سەزگۈر تېما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىدا يۈز بەرگەن خەلق قوزغىلاڭلىرى خىتايدا دىققەت بىلەن كۆزىتىلمەكتە ۋە تاراتقۇلاردا چەكلەنمەكتە.

## 2- خىتاي بىلەن مىسىرنىڭ يېقىن مۇناسىۋەتلىرى

مىسىر 1949 – يىلى قۇرۇلغان خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ئېتىراپ قىلغان (30.05.1956) تۇنجى ئەرەب دۆلىتى ھېسابلىنىدۇ. مىسىر 2000 – يىلى خىتاي بىلەن «ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرى»[1] ئورناتقان بولۇپ، 2006 – يىلىغا كەلگەندە بۇ مۇناسىۋەتلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىجرا قىلىش كېلىشىمىگە ئىمزا قويدى ۋە ئىككى دۆلەتنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكلىرى ئارىسىدا ئىستراتېگىيەلىك دىيالوگ مېخانىزمىنى شەكىللەندۈردى. 2007 – يىلى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىيە ۋە ۋىزا رەسمىيەتلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇش تەدبىرلىرى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە مىسىر يەنە ئوتتۇرا شەرقتىكى رايون خاراكتېرلىك مەسىلىلەر، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى (ب د ت) نى ئىسلاھ قىلىش ۋە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرىدە تەنقىدكە ئۇچرىغىنىغا قارىماي خىتاي بىلەن ئوخشاش يولنى تۇتتى.[2] مىسىرنىڭ سابىق پرېزىدېنتى ھۆسنى مۇبارەكمۇ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىگە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، 1980 – ۋە 1990 – يىللاردا خىتاينى ئەڭ كۆپ زىيارەت قىلغان ئۈچ كىشىنىڭ بىرى (قالغان ئىككى كىشى ياسېر ئەرافات ۋە

---

(1) 〈中华人民共和国和阿拉伯埃及共和国关于建立战略合作关系的联合公报〉, 《中华人民共和国外交部》2000年11月07日.

(2) <中国同埃及的关系>, 《中华人民共和国外交部》(最近更新时间：2013年6月).

www.uygurkitap.com



كامبودژا شاھزادىسى نورودوم سىخانۇك) گە ئايلانغان، خىتاينىڭ سابىق دۆلەت رەئىسى خۇ جىنتاۋمۇ، «پىرېزىدېنت ھۆسنى مۇبارەك خىتاي خەلقىنىڭ يېقىن دوستى» دېگەن ئىدى. ئۇ خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن چوڭقۇر شەخسىي مۇناسىۋەتلەرنى ئورنىتىپ، خىتاي – مىسىر مۇناسىۋەتلىرىگە غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقانلىقى ئۈچۈن[3] خىتاي تاراتقۇلىرىدا، « ھۆسنى مۇبارەك خىتاي خەلقىنىڭ دوستى بولۇش سۈپىتى بىلەن خىتايدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى» دېيىلگەن ئىدى. سابىق پىرېزىدېنت ھۆسنى مۇبارەك بولسا، مىسىر – خىتاي مۇناسىۋىتىنى قىيىنچىلىقتا دوست، سەمىمىي ھەمراھ ۋە بىر – بىرىگە تايانغان قېرىنداش، دەپ تەرىپلەپ، مىسىر بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇنلىغان ئوخشاشلىقلارنىڭ بارلىقىنى ئىپادە قىلغان. مەسىلەن، نىل دەرياسى بىلەن ياڭزىجياڭ دەرياسى، ئەلئېھرام بىلەن سەددىچىن سېپىلى، ئۇزۇن تارىخى، باي مەدەنىيەت ۋە تىرىشچان خەلقى ۋەھاكازا[4]...

مىسىرنىڭ سابىق رەھبىرى ھۆسنى مۇبارەك 2006 – يىلى نويابىر ئېيىدىكى خىتاي زىيارىتى جەريانىدا، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋەتلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ۋە خىتاينىڭ ئەرەب دۆلەتلىرى ھەمدە ئافرىقا دۆلەتلىرى بىلەن ئۈنۈملۈك ھەمكارلىق ئورنىتالىشى ئۈچۈن مىسىرنىڭ قوللىشى تەكىتلەنگەن ئورتاق خىتابنامىگە ئىمزا قويغان.[5] مىسىر بىلەن خىتاينىڭ يىللىق ئومۇمىي سودا سوممىسى ئاران 6 – 5 مىليارد دوللار بولۇپ، چوڭ سودا شېرىكلىرىدىن ھېسابلانمىسىمۇ، شۇنداقلا مىسىردا خىتاي ئەڭ كۆپ ئېھتىياجلىق بولغان نېفىت ۋە تەبىئىي گاز زاپىسى يېتەرلىك بولمىسىمۇ، گېئوپولىتىكا نۇقتىسىدىن بۇ ئىككى دۆلەت يەنىلا مۇھىم ئىتتىپاقداش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، مىسىر خىتاينىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئېنېرگىيە زاپىسىغا ئىگە ۋە خىتاي ماللىرىنىڭ ئاساسلىق بازىرىنى شەكىللەندۈرگەن ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرى بىلەن ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ئورنىتىشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. خىتاينىڭ ئوتتۇرا شەرق ئالاھىدە ۋەكىلى ۋۇ سىكېنىڭ قارىشىچە، خىتاي بىلەن ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرى سىياسىي ساھەدە ئۆزئارا بىر – بىرىنى ئىزچىل قوللاپ، ئىقتىسادىي ساھەدە ناھايىتى كۈچلۈك شەكىلدە بىر – بىرىنى

(3) 黄富慧、李忠发,〈胡锦涛同埃及总统穆巴拉克会谈〉,新华网》2006年11月07日 15:36:56.

(4) 〈埃及总统 胡斯尼·穆巴拉克〉, 《東方网》2005年9月10日 .

(5) 〈中埃发表建交50周年联合新闻公报〉, 《中华人民共和国外交部》2006年11月07日.

تولۇقلايدىغان مۇناسىۋەتلەر ۋە ئورتاق مەنپەئەتلىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئېنېرگىيە ساھەسىدە بولسا، بىر - بىرىگە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈدىغان ھەمكارلىقلارنى ئورنىتىپ، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرمەكتە.(6)

## 3- خىتاينىڭ مىسىرنى قوللىشى

تۇنىستىن مىسىرغا تۇتاشقان ۋەقەلەر جەريانىدا، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ۋەقەلەر توغرىسىدا ئانچە كۆپ ئانالىزلارنى ئېلان قىلمىدى. مىسىردا ۋەقەلەر يۈز بېرىپ، ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ئاندىن خىتاينىڭ ۋەقەلەرگە تۇتقان مەيدانى ئېلان قىلىندى. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى خۇڭ لېي 2011 - يىلى 30 – يانۋار مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەندە: «مىسىر خىتاينىڭ دوست دۆلىتىدۇر. خىتاي مىسىردىكى ئۆزگىرىشلەرنى يېقىندىن كۆزىتىۋاتىدۇ. خىتاي دۆلىتى مىسىردا جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ئامانلىق تەرتىپىنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ» دەيدۇ.(7) 26 – يانۋار مىسىرنىڭ ئاسىيا ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مۇھەممەد ھىجازى خىتاي زىيارىتىدە، خىتاينىڭ مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى جاڭ جىجۈن بىلەن كۆرۈشىدۇ. جاڭ جىجۈن كۆرۈشۈشتە، خىتاي بىلەن مىسىرنىڭ ياخشى دوست ۋە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، خىتاينىڭ مىسىر بىلەن مۇناسىۋەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پەقۇلئاددە ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقىنى، رايونلۇق ۋە دۇنياۋى مۇناسىۋەتلەر تېز ئۆزگىرىۋاتقان مۇھىت ئاستىدا مىسىر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنىڭ داۋاملىششىنى، ئىككى تەرەپنىڭ بىر – بىرىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ چوڭقۇرلىششىنى، سودا ھەمكارلىقىنىڭ كۈچەيتىلىشىنى، رايونلۇق ۋە دۇنياۋى مەسىلىلەردە ئۆزئارا ئالاقە ۋە تەڭ ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقلىرىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ غەيرەت كۆرسىتىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مۇھەممەد ھىجازىمۇ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقلىرىنى ئەسكەرتكەن ھالدا خىتاي بىلەن ھەر خىل ساھەلەردە ھەمكارلىق ئورنىتىپ ۋە ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىنى

(6) 洪俊杰，　〈中国中东问题特使接受本报专访时表示—中阿合作是发展中国家互利共赢典范〉，《解放日报》2011年2月7日.

(7)〈外交部发言人洪磊就埃及局势答记者问〉,《中华人民共和国外交部》2011年01月30日.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدىغانلىقلىرىنى تەكىتلەيدۇ.[8] مۇھەممەد ھىجازى شۇ كۈنى يەنە، خىتاي مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى جەيجۈن بىلەنمۇ كۆرۈشىدۇ. خىتاي مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى جەيجۈن مىسىرنىڭ خىتاينىڭ ئوتتۇرا شەرق ۋە ئافرىقىدىكى مۇھىم ئىتتىپاقدىشى ئىكەنلىكىنى، مىسىرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى قوللايدىغانلىقلىرىنى ۋە سىرتقى كۈچلەرنىڭ مىسىرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىششىغا قارشى ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مۇھەممەد ھىجازى بولسا، خىتاينىڭ بۇ قوللاشلىرىغا تەشەككۈر ئېيتىپ، خىتاينىڭ پەلەستىن مەسىلىسىدىكى ئادىل مەيدانىغا مەدھىيە ئوقۇيدۇ.[9]

2011 - يىلى 1- فېۋرالدا خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى باياناتچىسى خوڭ لېي يېڭىدىن تەشكىللىنىۋاتقان مىسىر ھۆكۈمىتىگە خىتاينىڭ قانداق پوزىتسىيە تۇتىدىغانلىقى ھەققىدىكى سوئالغا يەنە: «مىسىر خىتاينىڭ دوستىدۇر. خىتاي تەرەپ مىسىردا جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە نورمال تەرتىپنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.[10] بۇ جاۋاب 27 – يانۋار ئېچىلغان مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدىكى ئىپادىلەردىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدۇ. ئەمما، بۇ جاۋابنىڭ مىسىرنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان ھۆكۈمىتىگە قارىتا بېرىلگەن جاۋاب ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى مىسىرنىڭ ھەر قانداق ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىرىنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

### 4- خىتاينىڭ پوزىتسىيەسى توغرىسىدىكى ئانالىزلار

شىمالىي ئافرىقا بىلەن ئوتتۇرا شەرقتە مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلەرنىڭ خىتاينىڭ بۇ رايونلاردىكى مەنپەئەتلىرىگە زىيان سالىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. رايوندا ئوتتۇرىغا چىققان مۇقىمسىزلىقلار خىتاينىڭ رايوندىكى ئېنېرگىيە قاتارلىق باشقا ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىگە تەسىر يەتكۈزمەكتە. خىتاينىڭ ئېنېرگىيەگە تايىنىش نىسبىتى 50%

(8) 〈张志军副部长会见埃及外交部亚洲事务部长助理希贾齐〉,《中华人民共和国外交部》2011年01月27日.

(9) 〈翟隽副部长与埃及外交部亚洲事务部长助理希贾齐举行两国外交部定期政治磋商〉,《中华人民共和国外交部》2011年01月27日.

(10) 〈2011年2月1日外交部发言人洪磊举行例行记者会〉,《中华人民共和国外交部》.

دىن ئارتۇق بولۇپ، ئەڭ كۆپ ئوتتۇرا شەرق ۋە ئافرىقىدىن ئېنېرگىيە ئىمپورت قىلىدۇ. «دۇنيانىڭ فابرىكىسى» دېگەن نامغا ئىگە خىتاينىڭ ياۋروپاغا قىلىدىغان ئىمپورت – ئېكسپورت ماللىرىنىڭ 60% ى سۇۋەيش قانىلى ئارقىلىق ئۆتىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، خىتاينىڭ رايوندا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەر قانداق ۋەقەگە قارىتا تۇتقان مەيدانى ۋە ئەندىشىلىرى دىققەت قوزغايدۇ.

بەزى ئانالىزچىلار، «ياسمەن ئىنقىلابى» بىلەن باشلانغان بىر قاتار ئىسيانلارنىڭ خىتايغا تەسىر قىلىپ، پات يېقىندا خىتايدىمۇ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.[11] يەنە بەزى ئانالىزچىلار بولسا، بىر پارتىيە تۈزۈمىدىكى خىتاينىڭ يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان پۇل پاخاللىقىغا قارشى جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلىشىنىڭ تەسكە توختايدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.[12] بۇنىڭغا قارىتا بەزى ئانالىزچىلار، بۇ ۋەقەلەرنىڭ دېموكراتىك تەلەپتىن پەيدا بولمىغانلىقىنى، دەل ئەكسىچە، مىللىي كۈچلەرنىڭ ئۆزئارا رىقابىتىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.[13] يەنى خىتايدا بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ۋەقەلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ تەس ئىكەنلىكىگە ئىشارە قىلىدۇ. بەزى ئانالىزچىلار، خىتاي ھاكىمىيىتى ئىچىدىكى رەھبەرلەرنىڭ ماۋدىن كېيىن، ئەڭ كۆپ ئىككى نۆۋەت رەئىسلىك تەختىدە ئولتۇرالايدىغانلىقىنى، خىتاي خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا نىسبەتەن بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا مەمنۇن ئىكەنلىكىنى ۋە ھەربىي ھوقۇقنىڭ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ، خىتايدا يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشى قىيىن، دەپ يەكۈن چىقىرىدۇ.[14] يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار بولسا، خىتاينىڭ پەقەت ئىقتىسادنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، ھاكىممۇتلەق ھۆكۈمەتلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلەرنى ئورنىتىشىنىڭ خەتەرلىك بولۇشقا باشلىغانلىقىنى، خىتاينىڭ مەسئۇلىيەتچان ۋە كۆپ خىل سىياسەتلەرنى يولغا قويۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ.[15] بەزى تەتقىقاتچىلار ئافرىقا بىلەن ئوتتۇرا شەرقنىڭ مۇقىملىقىنىڭ خىتاي ئۈچۈن ئېيتقاندا مۇھىم ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ

(11) <「茉莉花」波及中國高校 直升機監控學生>, 《大紀元》, 2011年03月09日.

(12) Editorial, "China Isn't Immune to Nile Fever", The Wall Street Journal, February 2, 2011.

(13) 丁剛, <環球瞭望: 埃及的問題是國家競爭力的問題>, 《人民網》2011年01月31日 10:26.

(14) 丁剛,<環球瞭望: 埃及的問題是國家競爭力的問題>,《人民網》2011年01月31日10:26.

(15) 中国安邦咨询公司, <中国如何面对「变色]的非洲?>, 金融時報中文網》2011年01月30日 07:51 AM.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىكتاتور ھاكىمىيەتلەرنىڭ يىلتىزىدىن ئەمەس، بەلكى تەدرىجىي ھالدا ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشنى خىتايغا پايدىلىق دەپ قارايدۇ.[16] ئانالىزچىلارنىڭ پىكرى بويىچە ئېيتقاندا، مىسىردا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر خىتاي ئۈچۈن ئەجابىي ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. يەنى بېلارۇسىيە، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، سۈرىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە شۇنىڭدەك غەربچە دېموكراتىيە شەكلى بولمىغان دۆلەتلەردىكى كىرىزىس ئەندىشىلىرى ئۇلارنى خىتاينىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىشقا ئىتتىرىدۇ.[17] بىر قىسىم ئانالىزچىلار بولسا، ئاسىياغا قايتىشنى باشلىغان ئامېرىكىنىڭ بۇ رايوندىكى ۋەقەلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشىنى خىتاي ئۈچۈن ئانچە ناچار ئۆزگىرىش ئەمەس، دەپ قارايدۇ.[18]

## 5. خىتاينىڭ ساقلا – كۆر سىياستى

خىتاي ھاكىمىيىتى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن تارتىپ، دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىدىكى دۆلەتلەردە يۈز بەرگەن ھۆكۈمەتكە قارشى نامايىشلار ۋە قوزغىلاڭلاردىن تەجرىبە ئىگىلەشكە تىرىشىپ، خىتايدا مەيدانغا كېلىش ئېھتىمالى بولغان ئىسيانلارغا قارىتا تەدبىرلەرنى ئېلىش تەييارلىقىنى قىلدى.[19] بولۇپمۇ 2005 – يىلى 3 ـ ئايدا ۋە 2010 – يىلى 4 – 6 – ئايلاردا قىرغىزىستان ۋەقەلىرىگە تۇتقان مەيداندىن بۇ نۇقتىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.[20] خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 1999 – يىلى يۇگوسلاۋىيەنىڭ پارچىلىنىشى ۋە 2002 – يىلى شەرقىي تىمورنىڭ ھىندونېزىيەدىن ئايرىلىپ مۇستەقىللىققە ئېرىشىش مۇساپىلىرىدە قايتۇرغان ئىنكاسلىرى ئىنتايىن قاتتىق بولغان ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە تەرەققىي قىلغان خىتاي رېئاللىققا تايانغان تاشقى سىياسەت يۈرگۈزۈشكە تىرىشىۋاتقان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئاساسىي مەنپەئەتلىرى (core interest) نىڭ قوغدىلىشى ئۈچۈن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا مۇقىملىق ھەمدە بىخەتەر مۇھىت بەرپا قىلىشقا ئۇرۇنماقتا. دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان بەزى ۋەقەلەر خىتاينىڭ بەزى مەنپەئەتلىرىگە تەسىر پەيدا قىلۋاتقان

(16) 〈北非魅影:「推特]革命流入埃及〉, 《21世纪网》, 2011年01月27日.

(17) 安德烈 , 〈中国网民看埃及: 尼罗河在怒吼 金字塔在咆哮〉, 《法語廣播網》2011年 2月 05日.

(18) 史理生,〈投資動向:中東風雲再起 抑制樂觀情緒〉,《文匯報》2011年 2月 07日.

(19) 〈研究颜色革命 俄中不同对待埃及示威 〉, 《美國之音網站》, 2011年 2月 02日.

(20) Erkin Ekrem, “Kırgızistan’da Yeni Sivil Darbe”, Stratejik Düşünce Enstitüsü, 8 Nisan 2010.

بولسىمۇ، بۇ ۋەقەلەرگە قارىتا تىگىشلىك ئىنكاس قايتۇرمايۋاتىدۇ. خىتاي زورىيىشۋاتقان بىر كۈچ تۇرۇقلۇق خەلقئارالىق مەسئۇلىيىتىنى تولۇق مەندە ئۈستىگە ئالمىدى. ئەمما بۇ، كەلگۈسىدىمۇ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ، دىگەنلىك ئەمەس. خىتاينىڭ كۈچى ئاشقانسىرى بۇ خىل ۋەقەلەرگە ئارىلىشىش مەجبۇرىيىتى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

بىراق، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلەر خىتاينىڭ مەنپەئەتلىرىگە مۇئەييەن دەرىجىدە زىيان سېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭغا قارىتا، خىتاي خەلقئارالىق تۈزۈم ۋە تەرتىپ ئىچىدە تەسىر كۈچى كۈچلۈك بولمىغان مەزگىللەردە يۈرگۈزگەن سىياسىتى «ساقلا ۋە كۈر» بولۇپ كەلدى. بۇ خىلدىكى سىياسەت خىتاي ئۈچۈن يات ئەمەس. سىياسىي كۈلتۈرىدە مەۋجۇت بولغان، ئىستراتېگىيەلىك كۈلتۈرىدە بولسا، كۈچلۈك تەسىرى بولغان بۇ خىل سىياسەت ئىككى، يېقىنقى ۋاقىتلاردا تاشقى سىياسەتنىڭ بىر قىسمىنى شەكىللەندۈردى. «ساقلا، كۈر» سىياسىتىدە پاسسىپ ھالدا كۈتۈپ تۇرماستىن، تەرەققىياتلار باسقۇچىدا مۇۋاپىق پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ تەڭشەش ئېلىپ بېرىلدى. دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «تاۋگۇاڭ ياڭخۈي» يەنى ئالدىغا چىقىپ قىلىشتىن ساقلىنىش سىياسىتى توغرىسىدىكى نەسىھىتى ھازىرمۇ كۈچكە ئىگە. يەنە كېلىپ، دۇنيادا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدىغان دۆلەتلەر بار. بۇ خىل ۋەقەلەر ۋاقىتلىق بولغانلىقى ئۈچۈن خىتايغا بولغان تەسىرىمۇ دەۋرىيلىككە ئىگە. بۇ جەھەتتىن خىتاينىڭ باشقا كۈچلەرگە ئوخشىمىغان ھالدا مىسىر ۋەقەلىرىگە تەمكىنلىك بىلەن ئىپادە بىلدۈرۈشى، ئارقىدا قالغاندەك تەسىرنى پەيدا قىلدى. ئەسلىدە خىتاي توپلىغان نۇرغۇنلىغان تەجرىبىلەر سەۋەبىدىن ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا سىياسەت يۈرگۈزمەكتە. بۇنىڭ سەۋەبلىرى بولسا، 1 – سىياسىي ساھەدە: غەربلىكلەرنىڭ سىياسەتلىرىدىن زېرىككەن دۆلەتلەر، بولۇپمۇ مۇستەبىت ھۆكۈمەتلەر يۈكسىلىۋاتقان خىتاينى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدىغان كۈچ سۈپىتىدە غەرب ياكى ئامېرىكىغا قارشى تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ. خىتاينىڭ ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان يولغا قويغان ئىسرائىلىيەگە قارشى پەلەستىننى قوللاش سىياسىتى ھەر قاچان ئىسلام ۋە مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلدى. 2 – ئىقتىسادىي ساھەدە: زورىيىۋاتقان خىتاي ھەم مەبلەغ سېلىش كۈچى ھەمدە بازار كۈچى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەھۋالدا ھەر قانداق تەرەققىي قىلغان ياكى تەرەققىي قىلىۋاتقان بىر دۆلەت خىتاي بىلەن سودا – ئىقتىساد مۇناسىۋەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى خالايدۇ. خىتاي يېقىنقى يىللاردا ئافرىقا بىلەن ئوتتۇرا شەرقتىكى سېلىنمىلىرىنى بارغانسېرى كۆپەيتتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ۋە رايونلۇق مەنپەئەتلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن رايوندىكى گېئوپولىتىكىلىق پائالىيەتلىرىنى ئاشۇردى. ئېنېرگىيەگە بولغان جىددىي تەلەپلىرىنىڭ ئېشىشى، خىتاينىڭ مەزكۇر رايونلارغا يۈزلىنىشىنى زۆرۈرلۈككە ئىگە قىلدى. رايون دۆلەتلىرىمۇ ھەم سىياسىي جەھەتتىن ھەمدە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېشىنىشكە بولىدىغان خىتاي بىلەن ئېنېرگىيەدە ھەمكارلىق ئورنىتىشنى تېزلاشتۇردى. 3 – تارىخىي ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدە: 9 – ئەسىردىن بېرى ئىسلام مەنبەلىرىدە خىتاينىڭ ئوبرازى پەقۇلئاددە ياخشى بولۇپ، ئەڭ باي، ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ ئىنسانپەرۋەر، ئەڭ زېرەك ۋە ئەڭ مېھماندوست دېگەندەك سۈپەتلەر قوللىنىلىپ كەلدى. بۇ بۈگۈنكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ خىتايغا بولغان قارىشىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، دۆلەت باشقۇرغۇچىلىرىنىڭمۇ دوستانە مۇئامىلىدە بولۇشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

شۇڭلاشقا، خىتاي مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ ئىشلىرىغا ئارتۇقچە ئارىلاشمىسىلا ئۇلارنىڭ خىتايغا بولغان ئىجابىي قارىشى داۋام قىلىدۇ. خىتايغا نىسبەتەن شىمالىي ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا شەرقتە يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن كېيىن، ھاكىمىيەت بېشىغا كىمنىڭ كېلىشى مۇھىم ئەمەس بولۇپ، يېڭى ھۆكۈمەتلەر بىلەن يەنە ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتالىشى مۇمكىن. مىسىردىمۇ ۋەزىيەت مۇقىملاشقاندىن كېيىن، شۇنداق قىلالىشى ئېھتىمالغا يېقىن. ئەمما، خىتاينىڭ خەلقئارالىق تەسىر كۈچى زورىيىشقا ئەگىشىپ، ئىجابىي ئوبرازى خۇنۇكلىشىشقا باشلىشى مۇمكىن. بۇنى خىتاي ماقال – تەمسىلى بويىچە چۈشەندۈرگەندە: «ئېگىز جايدىكى ئادەمنى سوغۇق بەكرەك ئۇرىدۇ.»

## 2 – بۆلۈم: خىتاي - مىسىر مۇناسىۋەتلىرىدە يېڭى دەۋر - مىسىر پىرېزىدېنتى مۇھەممەد مۇرسىنىڭ خىتاي زىيارىتى

### 1- پىرېزىدېنت مۇرسىنىڭ خىتاي زىيارىتى

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سابىق دۆلەت رەئىسى خۇ جىنتاۋنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن مىسىرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى پىرېزىدېنتى مۇھەممەد مۇرسى 2012 – يىلى 20 – 28 ئاپرېل كۈنلىرى ئارىسىدا خىتاينى زىيارەت قىلدى. مۇھەممەد مۇرسىنىڭ بۇ زىيارىتىدە ئۇنىڭغا يەتتە مىنىستىر ۋە مىسىردىكى مۇھىم ساھەلەرگە مەسئۇل 80 ئەمەلداردىن باشقا، ئېنېرگىيە، يېزا ئىگىلىك، سۇ مەنبەلىرى، قاتناش – ترانسپورت، بىناكارلىق، ساياھەتچىلىك، نېفىت – خىمىيە، دورا ياساش ۋە توقۇمىچىلىق ساھەلىرىدىكى 100 گە يېقىن سودا-سانائەتچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ھەيئەت

ھەمراھ بولدى. مۇھەممەد مۇرسى 28 – 29 ئاۋغۇست كۈنلىرى خىتاي سابىق دۆلەت رەئىسى خۇ جىنتاۋ، خىتاي مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى ۋۇ باڭگو، خىتاي سابىق باش مىنىستىرى ۋېن جياباۋ ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى خىتاي مۇئاۋىن رەئىسى شى جىنپىڭ بىلەن ئايرىم – ئايرىم كۆرۈشتى. مىسىرلىقلار مۇھەممەد مۇرسىنىڭ خىتاي زىيارىتىگە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە زىيارەت، دەپ باھا بەردى.(21)

مۇھەممەد مۇرسى ئەينى ۋاقىتتا خىتاي سەپىرىگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن تاراتقۇلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، مىسىرنىڭ خەلق ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان، دېموكراتىك ۋە ئاساسىي قانۇنلۇق زامانىۋى دۆلەت ئىكەنلىكىنى، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ تەڭپۇڭ تاشقى سىياسەت يۈرگۈزىدىغانلىقىنى ۋە مىللىي مەنپەئەتلىرىنى كۆزلەيدىغانلىقىنى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئەندىشە قىلىشىنىڭ ئورنى يوقلۇقىنى ئەسكەرتكەن ئىدى. ئۇ: «دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئاساسى تەڭپۇڭلۇقتۇر. بىز ھېچكىمگە قارشى ئەمەس، ئەمما مەنپەئەتلىرىمىزنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز» دېيىش ئارقىلىق مىسىرنىڭ يېڭى تاشقى سىياسىتىنى تېخىمۇ ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويدى. مۇھەممەد مۇرسىنىڭ مۇۋازىنەتلىك تاشقى سىياسىتىنىڭ مەقسىتى ئامېرىكىنىڭ رايوندىكى رولىنى ئازايتىش، ئەنئەنىۋى ئىتتىپاقداشلىرىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، دەپ قارالدى. ئەمما، مۇھەممەد مۇرسى مىسىر – ئامېرىكا مۇناسىۋەتلىرىنى شەخسلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت تەرىقىسىدە ئەمەس، بەلكى سىستېمىلىق ھۆكۈمەتلەر ئارا مۇناسىۋەت تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن ئىدى.(22)

مۇھەممەد مۇرسى خىتايدا زىيارەتتە بولۇشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ باياناتچىسى ياسەر ئەلى ئېلان قىلغان باياناتىدا، مىسىرنىڭ مەقسىتى زامانىۋى ئىنقىلابتىن كېيىن، يېڭى تاشقى سىياسەتنى بەرپا قىلىپ، ئىقتىسادىي ساھەدە خىتاينىڭ قوللىشى ھەمدە ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، خىتاي مەبلەغلىرىنى جەلپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى.(23) ياسەر ئەلىنىڭ باياناتىدا، مىسىر – خىتاي سودا مۇناسىۋىتىدىكى

(21) “Morsi’s China Visit ‘Historic’, Seeks Stronger Ties”, The Egyptian Gazette, August 22, 2012.

(22) Samia Nakhoul and Edmund Blair, “New Egyptl eader steps out on world stage seeking ‘balance’”, Reuters,Aug 28, 2012 11:15am BST.

(23) “Presidentials pokesman: Foreign policy will be rebuilt on bases of cooperation, mutual

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



تەڭپۇڭسىزلىقتىن مىسىر ئىقتىسادىدا شەكىللەنگەن غايەت زور سودا قىزىل رەقىمنى تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، خىتايدىن مىسىرغا مەبلەغ سېلىشنى ۋە مىسىرغا كېلىدىغان خىتاي ساياھەتچىلەر سانىنى ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى ۋە مۇھەممەد مۇرسىنىڭ مىسىر – خىتاي سودا - ئىقتىساد مۇنبىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلگەن ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، مىسىرنىڭ خىتاينىڭ ئافرىقىغا قارىتىلغان ئېكسپورتى ۋە خىتاي – ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرىدە ئاكتىپ ۋە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدىغانلىقى قەيت قىلىنغانىدى.

زىيارەتنىڭ يەنە بىر مەقسىتى، رۇسىيە بىلەن بىرگە سۈرىيەدىكى بەششار ئەسەد ھاكىمىيىتىگە ياردەم بېرىۋاتقان خىتاي بىلەن سۈرىيە مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەتلىشىش بولۇپ، سۆھبەتتە سۈرىيە كرىزىسىنىڭ تىنچ ئۇسۇلدا ھەل قىلىنىشى ئۈچۈن سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى يىغىنىدا مۇھەممەد مۇرسى ئوتتۇرىغا قويغان مىسىر، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئىران ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەمكارلىقنى قوبۇللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپىدىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنى خەۋەرلەندۈرمەكچى ئىدى.[24]

مىسىرنىڭ ئالاقىدار دائىرىلىرى بەرگەن ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، زىيارەتتە مەرسا مەتروھتا دېڭىز سۈيىنى تازىلاش مۇئەسسەسەلىرى ۋە دانلىق زىرائەتلەرنى ساقلاش مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرى؛ مىسىر – خىتاي سودا تەڭپۇڭسىزلىقنى تۈگىتىش مەسىلىلىرى؛ خىتاي ساياھەتچىلىرىنىڭ مىسىرغا بولغان قىزىقىشنى ئاشۇرۇش ۋە كەمبەغەللىككە قارشى كۈرەشتە خىتاينىڭ تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىش، يەنى كەپە ئۆيلەر رايونىدا تۇرمۇش شارائىتلىرىنى ياخشىلاش؛ كىچىك ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كارخانىلار ھەمدە سانائەت رايونلىرىنى شەكىللەندۈرۈش؛ تىنچلىقنى مەقسەت قىلغان يادرو ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىش قاتارلىق تېمىلار ئۈستىدە سۆھبەتلەرنىڭ ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. بۇلاردىن باشقا يەنە، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سۈرىيە كرىزىسى ۋە پەلەستىن مەسىلىلىرى بويىچە ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرىدىغانلىقىمۇ بىلدۈرۈلگەن.[25]

---

interests", Egypt State Information Service, 27 August 2012.

(24) David D. Kirkpatrick, "Egyptian Leader Adds Rivals of West toSyria Plan", The New York Times, August 26, 2012.

(25) "President Morsi's Visit to China", Egypt State Information Service, 28 August 2012.

مۇھەممەد مۇرسىنىڭ باياناتچىسى ياسەر ئەلى باياناتىدا، مىسىرنىڭ پۈتۈن دۇنيا بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تىرىشىدىغانلىقى، بولۇپمۇ ئامېرىكا ۋە ئاسىيا، ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. ياسەر ئەلىنىڭ پىكرى بويىچە بولغاندا، مىسىر ئەمدى 30 يىلدىن بېرى تۇرغۇن ۋە ئىلاستىكىلىقى بولمىغان دىپلوماتىيە سىياسىتىنى ئاكتىپ ھالغا كەلتۈرىدۇ.[26] مىسىر ئۆزىنىڭ خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، خەلقئارادىكى ئورنى ۋە ئەمەلىي رولىنى قايتىدىن تېپىشقا تىرىشىدۇ. چۈنكى مىسىر مەيلى گېئوپولىتىكا، نوپۇس، ئېتنىك قۇرۇلما ۋە كەسپلىشىش نۇقتىسىدىن بولسۇن كىچىك دۆلەت ئەمەس. شۇڭا مىسىرنىڭ رايوندىكى رولى ۋە بىخەتەرلىكى قايتىدىن تونۇلۇشى كېرەك.[27]

خىتاي تاراتقۇلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلىرى، مۇھەممەد مۇرسىنىڭ ئەرەب دۆلەتلىرىدىن باشقا دۆلەتلەرگە قىلغان تۇنجى زىيارىتىنى بېيجىڭدىن باشلىغانلىقىنى، مىسىرنىڭ تاشقى سىياسىتىدە شەرققە يۈزلەنگەنلىكى، دەپ ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ھالبۇكى، مۇھەممەد مۇرسى خىتايدىن بۇرۇن سەئۇدى ئەرەبىستانىنى زىيارەت قىلغان، ئاندىن ئافرىقا ئىتتىپاقىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئېفىيوپىيەگە بارغان ئىدى. ئۇ دېموكراتىك پائالىيەتلەر دائىرىسىدە، ئامېرىكىنىڭ سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ھىلارى كلىنتون، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى ئالاقە ۋە بىخەتەرلىك سىياسىتى ئالىي ۋەكىلى كاترىن ئاشتون، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى لېئون پانېتتا قاتارلىقلارنى مىسىردا قوبۇل قىلىپ كۆرۈشكەن ئىدى. ئۇ خىتاي زىيارىتى بىلەن بىرلىكتە، ئىتتىپاق تۈزمەسلىك ھەرىكىتى تەشكىلاتىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئىراننى ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىنى زىيارەت قىلماقچى، ئۇنىڭدىن باشقا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى (ب د ت) كونفېرانسىغا قاتنىشىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئامېرىكىنى ۋە ئارقىدىن بىرازىلىيەنى زىيارەت قىلماقچى بولغانىدى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇھەممەد مۇرسىنىڭ خىتاي زىيارىتىنى ئادەتتىكىدىن ئالاھىدە ئەھۋال دەپ قاراش ياكى تەھلىل قىلىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس.

(26) Borzou Daragahi, ‘‘Egypt seeks to redefine diplomatic role’’, *The Financial Times*, August 26, 2012 5:56pm.

(27) David D. Kirkpatrick, ‘‘Egyptian Leader Adds Rivals of West toSyria Plan’’, The New York Times, August 26, 2012.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uygurkitap.com



## 2-خىتاي بىلەن مىسىرنىڭ يېڭى مۇناسىۋەتلىرى

مىسىرنىڭ سابىق رەھبىرى مۇھەممەد مۇرسىنىڭ خىتاي زىيارىتىگە پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ مۇھىم مىنىستىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زىيارەت ھەيئىتى تەشكىللىگەنلىكىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مۇھەممەد كامىل ئامر، مەبلەغ سېلىش ئىشلىرى مىنىستىرى ئۇساما سالىھ، قاتناش مىنىستىرى مۇھەممەد رەشاد ئەل ماتېنى، سانائەت ۋە تاشقى سودا مىنىستىرى ھاتەم سالىھ، ئۇچۇر – ئالاقە ۋە پەن – تېخنىكا مىنىستىرى ھانى ئابدەل ماگىيىد، خەلقئارا ھەمكارلىق مىنىستىرى ئەشرەف ئەل ئەرەبى ۋە ساياھەت ئىشلىرى مىنىستىرى مۇھەممەد ھىشام زازۇئۇ قاتارلىقلار بىللە بولغان ئىدى. خىتايغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان توققۇز نەپەر سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى ئەزاسىنىڭ تۆت نەپىرىنىڭ مۇھەممەد مۇرسى بىلەن كۆرۈشۈشى، بېيجىڭنىڭمۇ بۇ زىيارەتكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا 2012 – يىلى كۈزدە ئۆتكۈزۈلىدىغان خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 18 – قۇرۇلتىيىدا سايلىنىپ، 2013 – يىلىنىڭ مارت ئېيىدا ۋەزىپىسىنى باشلىشى تەخمىن قىلىنىۋاتقان خىتاينىڭ كەلگۈسىدىكى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ مۇھەممەد مۇرسى بىلەن كۆرۈشكەنلىكى، خىتاي – مىسىر مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەدە داۋام قىلىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

مىسىر – خىتاي مۇناسىۋىتىدە سودا ئالاقىسى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇھەممەد مۇرسىنىڭ بۇ قېتىملىق زىيارىتىدە يېزا ئىگىلىك، مۇھىت ئاسراش، پوچتا – تېلېگراف ۋە ساياھەت ئىشلىرى بويىچە سەككىز ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاندى. خىتاينى زىيارەت قىلغان مىسىر كارخانىچىلىرى ھەيئىتىنىڭ باشلىقى ھەسەن مەلەك، خىتايدىن نۆۋەتتە مىسىرغا سالىغان 500 مىليون دوللارلىق مەبلەغنى 3 مىليارد دوللارغا چىقىرىشنى[28] ۋە بۇنى ئىككى يىل ئىچىدە ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.[29] شۇنداق قىلىپ، بۇ قېتىملىق زىيارەتتە ئومۇمىي سوممىسى 5 مىليارد دوللارلىق مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى ئىمزالاندى. خىتاي مىسىرغا 450 مىليون يۈەن (71 مىليون دوللار) قىممىتىدە ئىقتىسادىي ياردەم قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ ۋەدە بەردى. مىسىرنىڭ

(28) "Egypt seeking to increase Chinese investment to $ 3 billion", Egypt State Information Service, 28 August 2012.

(29) "Egypt expects Chinese investment worth $3 bln over two years", Ahram Online, Sunday 2 Sep 2012.

خەلقئارا ھەمكارلىق مىنىستىرىنىڭ ياردەمچىسى نابىلئابدەل ھامىد قاھىرە بىلەن بېيجىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئېلېكتىر ئىستانسىسى، بىر دېڭىز سۈيى تازىلاش مۇئەسسەسى قۇرۇش، سانائەت ئوچاقلىرى ۋە ئىنتېرنېت ئۇل ئەسلىھەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەتتە چوڭ لايىھە ئۈستىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىنغانلىقىنى ئېلان قىلدى.(30) مىسىرنىڭ سىلىكون ۋادىسى قۇرۇش لايىھەسى ۋە سۇ ئامبىرى ياساش مەسلىسىدىمۇ كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. مىسىرنىڭ «ئەل ئەھلى بانكىسى» مۇدىرىيىتىنىڭ باشلىقى تارىق ئامىر خىتايدىكى بىر بانكىدىن سەككىز يىللىق 200 مىليون دوللار قەرز ئالغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. جۇڭگو تەرەققىيات بانكىسى، مىسىر دۆلەت بانكىسغا 200 مىليون دوللار قىممىتىدە قەرز بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. مىسىرنىڭ بانكىچىلىق ساھەسى بەزى قانۇنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، خىتاي بانكىلىرىنىڭ مىسىردا پائالىيەت قىلىشىغا قوشۇلدى. 2011 – يىلىدا 100 مىڭغا يېقىن خىتاي مىسىرنى ساياھەت قىلغان بولۇپ، بۇ رەقەم ئاسىيا دۆلەتلىرى ئارىسىدا بىرىنچى ئورۇندا تۇرسىمۇ، خىتاي مىسىرغا ساياھەتكە بارىدىغانلارنىڭ سانىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى. خىتاي تەرەپ يەنە، مىسىرنى ساقچى ماشىنلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان بولدى ۋە مىسىرنىڭ ئەركىن سودا ساھەلىرىدە تېخىمۇ ئاكتىپ پائالىيەت قىلىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئەسكەرتتى. سۈۋەيش قانىلى خىتاينىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى سودا پائالىيەتلىرى نۇقتىسىدىن بارغانسېرى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشقا باشلىغان بولۇپ، 2011 – يىلى جەمئىي 1800 خىتاي پاراخوتى سۈۋەيش قانىلىدىن ئۆتكەن، مىسىر بۇنىڭدىن تەخمىنەن 300 مىليون دوللار ئۆتۈش ھەققى كىرىم قىلغان ئىدى.(31)

2012 – يىلى 29 – ئاۋغۇست ئۆتكۈزۈلگەن مىسىر – خىتاي سودا – ئىقتىساد مۇنبىرىدە سۆز قىلغان مۇھەممەد مۇرسى، خىتاي مەبلىغىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن بەزى ۋەدىلەرنى بەردى. مۇھەممەد مۇرسى مىسىر – خىتاي مۇناسىۋەتلىرىدىن تېخىمۇ ياخشى كېلەچەكنى كۈتىدىغانلىقىنى ۋە پۈتۈن ساھەلەردە ئۈنۈملۈك ھەمكارلىق، بولۇپمۇ ئىقتىساد ۋە سېلىنما ساھەلىرىدە يېقىن ھەمكارلىق مۇناسىۋەتنى ئورنىتىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى. مىسىرنىڭ ئافرىقا بىلەن ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئۆتكىلى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان مۇھەممەد مۇرسى، بارغانسېرى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان مىسىرنىڭ

(30) “Egypt President Morsi visits China seeking investment”, Ahram Online, Tuesday 28 Aug 2012

(31) 方晓，〈穆尔西访华生意政治「两不误」〉，《东方早报》第A15版，2012年8月29日.

www.uyghurkitap.com

زۆرۈر يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. مۇھەممەد مۇرسى مىسىرنىڭ زامانىۋى ئىنقىلابتىن كېيىن، كۆپ دوستقا ئېھتىياجى چۈشكەنلىكىنى، شۇڭا خىتاي بىلەن مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئىتتىپاقداش بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭچە، مىسىر خىتاينىڭ شىمالىي ئافرىقىغا سالىدىغان غايەت زور مىقداردىكى مەبلەغلىرى ئۈچۈن كىرەكلىك قاتناش – تىرانسپورت ساھەسىدە خىزمەت سۇنۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.[32] ئۇ خىتاينىڭ مىسىرغا تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قاتناش – تىرانسپورت خىزمىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا ۋە مۇۋاپىق مۇھىت بەرپا قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكلىرىنى؛ ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە، مىسىرنىڭ سانائەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىدە ئېھتىياجلىق بولغان تېخنىكا تەتقىقاتىغا خىتاينىڭ ياردەم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى سۆزلىرىگە ئىلاۋە قىلدى.[33] مىسىر – خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى مەبلەغ سېلىش مەسىلىسىگە كەلگەندە، خىتاينىڭ ئوتتۇرا شەرق مۇتەخەسسىسى خې ۋېنپىڭ خىتاينىڭ مىسىر بىلەن ئېنېرگىيە (تەبىئىي گاز)، ساياھەتچىلىك، خام ئەشيالارنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە قوشۇمچە قىممەت يارىتىش، ئۇچۇر – ئالاقە، يانفوننى ئومۇملاشتۇرۇش، يادرو ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇش ۋە پاكىزە ئېنېرگىيە ساھەلىرىدە ھەمكارلىشالايدىغانلىقىنى، باشقا يېڭى ھەمكارلىق ساھەلىرىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.[34]

يېڭى دەۋردە خىتاي – مىسىر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي مۇناسىۋەتلەرمۇ مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولدى. خىتاي سابىق دۆلەت رەئىسى خۇ جىنتاۋ مۇھەممەد مۇرسىنى قارشى ئېلىش مۇراسىمىدىن كېيىن ئېلان قىلغان باياناتىدا، «ھۆرمەتلىك پىرېزىدېنتنىڭ خىتاينى تۇنجى چەت ئەل زىيارىتى قىلىپ تاللىغانلىقى، دۆلىتىڭىزنىڭ خىتاي بىلەن مۇناسىۋەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ»[35] دېگەن ئىدى. ئۇ يەنە: «مىسىر ئۆز رايونىدا چوڭ دۆلەت بولۇپلا قالماي، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ نەزىرىدىمۇ ئۈلگە بولالايدىغان ئورۇنغا ئىگە. خىتاي

(32) “Morsi: Egypt seeks real partnership with China”, Egypt State Information Service, 29 August 2012.

(33) 王希、曹轶,〈埃及总统：欢迎中国企业投资埃及〉,《新华网》2012年08月29日 16:25:15.

(34) 王宗英,　〈埃及新总统穆尔西将访华埃媒称为「首访世界大国」〉,《中国广播网》, 2012年8月27日12:41.

(35) 方晓,〈穆尔西访华生意政治「两不误」〉,《东方早报》第A15版，2012年8月29日.

مىسىرنىڭ خەلقئارالىق ۋە رايونلۇق مەسىلىلەردە ئوينىغان رولىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. خىتاي ھەر دائىم مىسىرغا ئەرەب دۇنياسى ۋە ئافرىقا قىتئەسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك ئىتتىپاقدېشى سۈپىتىدە قاراپ كەلدى. بىز مىسىر بىلەن مۇرنى- مۇرىگە تېرەپ تىرىشىپ، خىتاي – مىسىر مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يېڭى دەۋردە يېڭى مۇھىت يارىتىشىنى ئارزۇ قىلىمىز» دەيدۇ.[36]

خىتاي تەرەپ ئۇچرىشىشلاردا، مىسىر بىلەن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئاساسىي مەنپەئەتلىرىنى چىقىش قىلىپ، سودا ـ ئىقتىساد ھەمكارلىقىنى باراۋەرلىك ۋە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پىرىنسىپى ئاساسىدا داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.[37]

خىتاي تاراتقۇلىرىدا ئېلان قىلىنغان ئانالىزلارغا ئاساسلانغاندا، دۇنيانىڭ 2 – چوڭ ئىقتىسادىي كۈچى ھېسابلىنىدىغان خىتاي سانائەت، يېزا ئىگىلىك، ساياھەتچىلىك، ئېنېرگىيە، بىلىم ۋە پەن – تېخنىكا ساھەلىرى ۋە كەمبەغەللىكنىڭ ئازايتىلىشى قاتارلىق مەسىلىلەردە مىسىرنى جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان تەرەققىيات تەجرىبىلىرى بىلەن تەمىنلەپ، مالىيە ياردىمىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپلا قالماستىن، مۇھەممەد مۇرسى ھۆكۈمىتى يولغا قويغان مىسىرنى گۈللەندۈرۈش پىلانىغا ياردەم قىلالايدۇ. ئافرىقا سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تارقىلىش مەركىزى بولغان مىسىر، خىتاينىڭ تاۋارلىرىنى ئافرىقىغا ئېكسپورت قىلىشتا مۇھىم تۈگۈن ھېسابلىنىدۇ ۋە خىتاينىڭ ئافرىقا دۆلەتلىرى بىلەن سودا – ئىقتىساد ھەمدە مەدەنىيەت ساھەسىدىكى مۇناسىۋەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىدا ئۇنۇملۇك رول ئوينىيالايدۇ.[38] مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، خىتاي ئافرىقا ۋە ئەرەب دۇنياسىغا قاراتقان سىياسىتىدە مىسىرنى ئىستراتېگىيەلىك ئورۇندا كۆرىدۇ.

مىسىرنىڭ رايوندىكى يېڭى رولىنى قوللىغان خىتاي، مىسىرنىڭ سۈرىيە مەسىلىسىدىكى ھەل قىلىش پىلانىغا قارىتا سوغۇققان مۇئامىلىدە بولدى. مۇھەممەد مۇرسىنىڭ خىتاي زىيارىتى داۋامىدىكى بەزى ئۇچرىشىشلاردا، سۈرىيە

(36) 刘东凯、郝亚琳，〈胡锦涛同埃及总统穆尔西举行会谈〉，《新华网》2012年08月28日 20:55:36

(37) 张朔，〈温家宝晤埃及总统：扩大民生和发展领域合作〉，《中国新闻网》2012年08月29日 18:16.

(38) 田栋栋、李姝莛，〈新华国际时评：穆尔西访华开启中埃关系新篇章〉，《新华网》2012年08月28日 11:13:15.

www.uyghurkitap.com



مەسىلىسى كۈنتەرتىپكە كەلمىدى.[39] ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قاھىرە تەتقىقات مەركىزىي (American University in Cairo) نىڭ مۇدىرى ۋە مىسىرنىڭ ۋاشىنگتوندىكى سابىق ئەلچىسى نابىفاھمى، مىسىر – خىتاي مۇناسىۋەتلىرىدە سۈرىيە مەسىلىسىنىڭ ئاكتىپ رول ئوينىمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋەتلىرى پەقەت مىسىرنىڭ خەلقئارا سەھنىلەردىكى يېڭى ئوبرازىغا باغلىنىشلىقتۇر.[40] بىراق، مىسىر – خىتاي ئورتاق خىتابنامىسىدە سۈرىيە مەسىلىسىگە ئورۇن ئاجرىتىلدى. خىتابنامىدە مۇنداق دېيىلدى: «ھەر ئىككى تەرەپ، سۈرىيە مەسىلىسىنىڭ ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، تاشقى كۈچلەرنىڭ سۈرىيەگە ھەربىي جەھەتتىن ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرىدۇ، سۈرىيە ھۆكۈمىتىنى ۋە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنى ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەر تۈرلۈك زوراۋانلىق ۋە جىنايەتلەرنى توختىتىشقا چاقىرىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ سۈرىيە مەسىلىسىگە سىياسىي چارە تېپىش ئۈچۈن كۆرسىتىۋاتقان ئىجابىي تىرىشچانلىقلىرىنى قىزغىن قوللايدۇ.»[41]

گەرچە خىتابنامىدە يۇقىرىقىدەك دېيىلگەن بولسىمۇ، خىتاي ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقى ئورۇن ئالغان ياكى قوللىغان سۈرىيە مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك قارار لايىھەلىرىنى ئۈچ قېتىم رەت قىلدى. مىسىرنىڭ سۈرىيە مەسىلىسىنى تىنچ ئۇسۇلدا ھەل قىلىش ئۈچۈن تۈركىيە، ئىران ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە تەشكىللىگەن «تۆت تەرەپ بىرلەشمىسى» توغرىسىدا ئېلان قىلىنغان بايانناملەر ئىچىدىنمۇ ئورۇن ئالمىدى. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، مىسىر – خىتاي ئارىسىدا سۈرىيە مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئورتاق خىتابنامە ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مەسىلىگە بولغان قارىشىدا مۇھىم ئوخشىماسلىقلار بار ئىدى. مەسىلەن، ھەر ئىككى تەرەپ چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ سۈرىيە ۋەزىيىتىگە ئارىلىشىشىغا قارشى. ئەمما، مىسىر سۈرىيە مەسىلىسىدە بەششار ئەسەد ھاكىمىيىتىنى قاتتىق تەنقىدلەيدۇ. خىتاي بولسا، بۈگۈنگىچە سۈرىيەدىكى

(39) 鲁韬, 〈凤凰观察：穆尔西上任后迅速访华传递多重信息〉, 《凤凰卫视》2012年08月29日 18:10.

(40) Brian Spegele and Matt Bradley, “Egypt’s Morsi Firms China Ties”, The Wall Street Journal, August 29, 2012, 1:11p.m. ET.

(41) 〈中华人民共和国和阿拉伯埃及共和国联合新闻公报〉,《新华网》2012年08月30日 13:06:44.

مەۋجۇت ھاكىمىيەتنى تەنقىت قىلىپ باقمىدى. مۇھەممەد مۇرسى بەششار ئەسەدنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشىنى خالايدۇ، خىتاي بولسا ھېچقانداق تاشقى كۈچنىڭ بىر دۆلەتنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئالماشتۇرۇش ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سۈرىيەدە ھاكىمىيەت ئالمىشىشقا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. مۇھەممەد مۇرسى ھۆكۈمىتى بەششار ئەسەد ھاكىمىيىتىگە قارشى چىققان سۈرىيەلىكلەرنى قوللىسا، خىتاي بۇ مەسىلىدە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي، ئېنىق پوزىتسىيە تۇتۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

خىتاي – مىسىر مۇناسىۋەتلىرىدە، مىسىر ئۈچۈن ئانچە مۇھىم بولمىغان، ئەمما خىتاي ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بىخەتەرلىك مەنپەئەتى بولغان شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىمۇ ئورۇن ئالىدۇ. مۇھەممەد مۇرسىنىڭ خىتاي زىيارىتىدە ئىمزالانغان ئورتاق خىتابنامىدە، مىسىر «بىر خىتاي» سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى، خىتاينىڭ تەيۋەن، تىبەت ۋە شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىگە قارشى سىياسىتىنى قوللايدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى.[42] مىسىرنىڭ تەيۋەن ۋە تىبەت مەسىلىسى بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتى يوق، ھەتتا شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى قوللايدىغانلىقىغا ئائىت ھېچقانداق سىياسىتىمۇ يوق. مۇنداق ئەھۋالدا، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى كۈنتەرتىپكە قويۇپ، ئورتاق خىتابنامىگە يازدۇرۇشىنىڭ مەقسىتى بولسا، بىرىنچىدىن، باشقا بارلىق مۇسۇلمان ۋە ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن ئىمزالىغان كېلىشىملەردە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تىلغا ئېلىش؛ ئىككىنچىدىن، ئەرەب باھارىنىڭ تەسىرىدە، 50% ئاۋاز بىلەن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان مۇھەممەد مۇرسى ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە ياردەم بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ ئۈچىنچىدىن، مۇھەممەد مۇرسى ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى سىياسىي كوزىر قىلىپ قوللىنىش ئارقىلىق ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن خىتايغا بېسىم قىلالايدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە بولۇشىنى توسۇشتۇر.

ھەربىي ساھەدىكى ئۆزگىرىشلەر، خىتاي – مىسىر مۇناسىۋەتلىرىدىكى يەنە بىر ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كانادادا چىقىدىغان خىتايچە «مۇداپىئە ئىشلىرىغا نەزەر» ناملىق ژۇرنالنىڭ 2012 – يىللىق 9 – سانىدىكى (ۋول.95، 26 – 27 – بەتلەر) مەلۇماتلاردا دېيىلىشىچە، مىسىر – خىتاي ئارىسىدىكى ھەربىي ھەمكارلىق مۇبارەك ھاكىمىيەتتىن ئايرىلغان بولسىمۇ داۋاملاشقان. خىتاينىڭ نورىنكو (NORINCO)

(42) 〈中华人民共和国和阿拉伯埃及共和国联合新闻公报〉, 《新华网》2012年08月30日 13:06:44.

www.uyghurkitap.com

شىركىتى مىسىرغا سېتىپ بېرىلگەن HJ 8 تىپلىق تانكىغا قارشى قوللىنىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىنىڭ تېخنىكىسىنى ئىلغارلاشتۇرۇش ئىشىنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى خىتايدا ياسالغان ئانتېلوپ قورالى ئورۇنلاشتۇرۇلغان تىك ئۇچارغا ئورنىتىش پائالىيەتلىرى ئىككى يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن. مىسىر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سېتىۋالغان AT-3 باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىنى خىتاينىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىغا ئالماشتۇرغان. خىتاي 1975 – يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ AT-3 تانكىغا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىنى مىسىردىن سېتىۋېلىپ،HJ 8 تىپلىق تانكىغا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى ياسىغان. خىتاي يەنە، مىسىر ئارمىيەسىدە ناھايىتى ئاز ساندا ئىشلىتىلىۋاتقان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياسالغان T-62 تىپلىق تانكىنى ئاسراش ۋە رېمونت ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلغان.

مىسىر ئارمىيەسىدە 120 دانە خىتايدا ياسالغان K-8 تىپلىق تەلىم – تەربىيە ئايروپىلانى بار بولۇپ، مىسىر دۇنيادا ئەڭ كۆپ بۇ خىل ئايروپىلان بىلەن قوراللانغان دۆلەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى ئايروپىلاننى زۆرۈر تېپىلغاندا ھاۋادىن قۇرۇقلۇققا ھۇجۇم قىلىشقا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. مىسىر بۈگۈنكى كۈندە، خىتايدا ياسالغان FC-1 (پاكىستاندا JF-17 سانىدىر دەپ ئاتىلىدۇ) تىپلىق 3 - ئەۋلاد ئۇرۇش ئايروپىلانىغا ئالاھىدە قىزىقىدۇ، ئەمما مىسىرنىڭ ھەربىي دائىرىلىرى بولسا، 4 – ئەۋلاد J-10/F-10 ئۇرۇش ئايروپىلانىنى خالايدۇ. مىسىر قولىدىكى ئاز مىقداردىكى J-7IIE تىپلىق ئۇرۇش ئايروپىلانى ئۈچۈن ئۆتكەن 10 يىل مابەينىدە 900 مىليون دوللارلىق ئۈسكۈنە ۋە زاپاس زاپچاسلار سېتىۋالغان.

ژۇرنالدا بېرىلگەن مەلۇماتلاردا يەنە، خىتاي سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەقلىد قىلىپ ياسىغان قوراللارنى، مەسىلەن، BMP1 پىيادىلەر ھەربىي ئاپتوموبىللىرى، AT-3 تانكىغا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا، SA-7 قۇرۇقلۇقتىن ھاۋاغا قويۇپ بېرىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى مىسىر ئارقىلىق قولغا چۈشۈرگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. خىتايJ-8II ئايروپىلانىنى لايىھەلەشتە Mig-23 تېخنىكىسىدىن پايدىلانغان. مىسىر خىتايىنى 1975 - يىلى Mig-23 تىپلىق ئۇرۇش ئايروپىلانىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى بىلەن تەمىنلىگەن.

ژۇرنالدىكى ئانالىزلارغا ئاساسلانغاندا، 1970 – يىللاردا خىتايىنى سابىق

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئىلغار تېخنىكىلىرى بىلەن ياسالغان قورالىرىنىڭ ئۆرنەك نۇسخىلىرى بىلەن تەمىنلىگەن مىسىر، بۈگۈن ئەڭ كۆپ ئامېرىكا قوراللىرى بىلەن قوراللانغان ئافرىقا دۆلىتىگە ئايلانغان هالدا ئامېرىكىنىڭ تېخنىكىسىنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش يولى ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە. مىسىر E-2C ئالدىن خەۋەر بېرىش ئايروپىلانلىرى ۋە F-16 C/D تىپلىق ئايروپىلانلارغا ئىگە. مىسىر هاۋا ئارمىيەسىنىڭ C-130 تىپلىق ئايروپىلانى پات – پات خىتايغا ئۇچۇپ تۇرىدۇ.

**3- مۇهەممەد مۇرسىنىڭ خىتاينى زىيارەت قىلىشىنىڭ سەۋەبلىرى**

مىسىرنىڭ سابىق رەهبىرى مۇهەممەد مۇرسىنىڭ خىتاي زىيارىتى خەلقئارالىق جەمئىيەت ۋە نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان ئىدى. يېقىنقى يىللاردا زورىيىۋاتقان خىتاي يەر شارى ۋە رايون خاراكتېرلىك سودا – ئىقتىساد ۋە خەۋپسىزلىك مەسىلىلىرىدە ئامېرىكا بىلەن مەنپەئەت توقۇنۇشى ئىچىگە كىردى. ئامېرىكا بولۇپمۇ، 2010 – يىلىنىڭ كىرىشى بىلەن ئاسىياغا قايتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، خىتاينى قورشاش ئارقىلىق بېسىم پەيدا قىلىشقا تىرىشتى. بۇ ئۆزگىرىشلەرگە مۇناسىپ هالدا يۈكسىلىۋاتقان خىتايدىن ئەندىشە هېس قىلىۋاتقان بەزى قوشنا دۆلەتلەرمۇ زېمىن مەسىلىلىرى سەۋەبىدىن خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى بىر خىل يىرىك ئاتمۇسفېرادا داۋاملاشتۇردى. خىتاينىڭ ئاسىيا – تىنچ ئوكياندىكى قوشنىلىرى سودا – ئىقتىساد ساھەسىدە خىتاي بىلەن ھەمكارلىقنى داۋاملاشتۇرسا، خەۋپسىزلىك ۋە دۆلەت مۇداپىئەسى ساھەسىدە ئامېرىكا بىلەن ئۆز-ئارا ھەمكارلىق ئورناتتى. ئوتتۇرا شەرقتە پارتلىغان «ئەرەب باھارى» بىلەن مەيدانغا كەلگەن ئۆزگىرىشلەرگە ئىجابىي قارىمىغان خىتاي، رايوندىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرىگە قارشى چىقىپ، رۇسىيەنىڭ رايون خاراكتېرلىك سىياسىتىنى قوللىدى. خىتاينىڭ بۇ مەيدانى نۇرغۇنلىغان ئەرەب دۆلەتلىرىنى رەنجىتىپ، ئەرەب دۇنياسىدىكى ئىجابىي ئوبرازىنى مۇئەييەن دەرىجىدە خۇنۇكلەشتۈردى.

بۇنداق ئەھۋالدا، «ئەرەب باھارى» نىڭ تەسىرىدە مىسىردا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن مۇھەممەد مۇرسىنىڭ، پرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا خىتاينى زىيارەت قىلىشى، ھەم غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ھەمدە خىتاينىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى. بولۇپمۇ، خىتاينىڭ خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەر مۇتەخەسسىسلىرى ۋە ئىستراتېگىيەلىك

مىسىردىكى سىياسىي ئۆزگىرىشلەر ۋە خىتاينىڭ دىپلوماتىيە سىياسىدىتىكى ئىنكاسى

تەتقىقاتچىلىرى بۇ ئۆزگىرىشنى يېقىندىن كۆزەتتى.

مۇبارەك ھاكىمىيىتىگە قارشى پائالىيەتلەرنىڭ تەسىرىدە، مىسىرنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرى ۋە تاشقى مەبلەغ ساھەسى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى، شۇنداقلا، مىسىرنىڭ پۇل بىرلىكى ئۇستىدىكى بېسىمى ۋە مالىيە قىزىل رەقىمنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. بۇ خىل ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مىسىر ھۆكۈمىتى يىلىغا 700 مىڭ ئادەمگە ئىش تېپىش ئىمكانى يارىتىشى كېرەك بولۇپ، بۇ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى 6% ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى سەۋىيەدە تۇتۇش دېگەنلىكتۇر. بۇ نىشان مۇبارەك ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئىشقا ئاشۇرۇلغان ئىدى، ئەمما، مۇبارەك ھاكىمىيىتىنىڭ غۇلاپ چۈشۈشىدىن كېيىن، ئىقتىسادىي تەرەققىيات تۇرغۇنلۇق ھالىتىگە كىردى.[43] مىسىرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى سەۋەبلىك خىتايدىن جىددىي ياردەم تەلەپ قىلىشىنىڭ ناھايىتى نورمال ئەھۋال ئىكەنلىكىنى ئېيتقان جورج ماسون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مىسىر مۇتەخەسسىسى پېتېر منداۋىللي، «ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىنىڭ قوشۇمچە شەرتلەر بىلەن بېرىلىدىغانلىقى، خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىدىن پەرقلىق ئىكەنلىكى» نى ئەسكەرتىدۇ.[44]

مۇھەممەد مۇرسى ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي ئۆلچەملەر نۇقتىسىدىن خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە مۇئەييەن دەرىجىدە ئوخشىماسلىقلار بار بولسىمۇ، نۆۋەتتىكى مىسىر ھۆكۈمىتى ۋە مۇرسىنىڭ خىتايغا بولغان قارىشى ھەمدە چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مەجبۇر ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن شاڭخەي چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا شەرق تەتقىقاتلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى لىيۇ جوڭمىن، مۇھەممەد مۇرسىنىڭ چوڭ دۆلەتلەر بىلەن بولغان دىپلوماتىيەسىدە خىتاينى تاللىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكىدەك ئىزاھلايدۇ:

«بىرىنچىدىن، مۇھەممەد مۇرسىنىڭ تاشقى سىياسىتىدىكى ئۆزگىرىش ئېھتىياجى بۇنى تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق يېڭى تاشقى سىياسەتنىڭ مۇبارەك ھۆكۈمىتىنىڭ غەربكە يېقىن تاشقى سىياسىتىدىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەنۋەر سادات ھۆكۈمىتىدىن ھۆسنى مۇبارەك ھۆكۈمىتىگىچە، مىسىرنىڭ جامال

(43) Marwa Awadand Patrick Werr, “Exclusive: Egypt’s president rules out currency devaluation”, *Reuters*, Tue Aug 28, 2012 4:53am EDT.

(44) “Egypt President Morsivisits China seekinginvestment”, *Ahram Online*, Tuesday 28 Aug 2012.

ئابدۇنناسىر دەۋرىدىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى قوللاش تاشقى سىياستى ئۆزگەرتىلىپ، غەربكە يۈزلەندۈرۈلگەن ئىدى. مىسىرنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋەتلىرى نەتىجىسىدە مىسىر – ئىسرائىلىيە تىنچلىقى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە لىبېراللىشىش باسقۇچى باشلانغان ۋە خەلقئارالىق تېررورلۇققا قارشى كۈرەشتە ئامېرىكىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالغان ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، مىسىر دۆلەت مەنپەئەتى نۇقتىسىدىن ئىشغال قىلىۋېلىنغان زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋالغان ۋە ئامېرىكىدىن كۆپ مىقداردا ياردەم ئالغان بولسىمۇ، ئەرەب دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى رەھبەرلىك ئورنى بارغانچە ئاجىزلاپ بارغان ئىدى. بۇ مىسىر خەلقىنىڭ مۇبارەك ھاكىمىيىتىدىن نارازى بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. مۇھەممەد مۇرسى سايلام پائالىيەتلىرى جەريانىدا ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە يەكسىلىۋاتقان باشقا كۈچلەر بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتلەرنى ئورنىتىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن بولغاچقا، مۇبارەك ھاكىمىيىتىدىن پەرقلىق ھالدا غەرب دۆلەتلىرى بىلەن مۇئەييەن دەرىجىدە ئارىلىق ساقلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، بۇ مۇھەممەد مۇرسىنىڭ غەربكە قارشى سىياسەت يۈرگۈزىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ يەردە تېخىمۇ تەكىتلىگىنى سىياسەت يۈرگۈزۈشكە تىرىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇھەممەد مۇرسى چوڭ دۆلەتلەر بىلەن بولغان دىپلوماتىيەسىدە ئامېرىكىنى تاللىمايدۇ. شۇنىڭدەك، سۈرىيە ۋە ئىران مەسىلىلىرى ئۈستىدە غەرب بىلەن زىددىيىتى بولغان رۇسىيەنى تاللاشقىمۇ بولمايدۇ. مانا بۇ سەۋەبلەردىن، مۇھەممەد مۇرسى چوڭ دۆلەتلەر بىلەن بولغان دىپلوماتىيەسىدە خىتاينى تاللىدى. مۇھەممەد مۇرسىنىڭ دىپلوماتىيەدە خىتاينى تاللىشىدىكى ئىككىنچى سەۋەب بولسا، خىتاي – مىسىر ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مىسىر خەلقىنىڭ پاراۋانلىقى جەھەتتىكى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتۇر.»[45]

جۇڭگو ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى لى شياۋشيەننىڭ قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، مۇھەممەد مۇرسىنىڭ خىتاي زىيارىتى ئاساسەن ئىقتىسادىي مەقسەتتە ئېلىپ بېرىلغان زىيارەتتۇر. چۈنكى، مىسىردا سىياسىي داۋالغۇشلاردىن كېيىن، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىگە ئايلاندى. مۇھەممەد مۇرسى ھاكىمىيەتكە چىققاندىن كېيىنلا بازار ۋە ساياھەتچىلىكنى

(45) 刘中民, <埃及能否引领中阿关系顺利转型>, 《东方早报》第A16版, 2012年8月29日.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

جانلاندۇرۇش قاتارلىق قىسقا مەزگىللىك پىلان – لايىھەلەرنى يولغا قويۇشقا تىرىشتى. ئۇزاق مەزگىلنى ئويلىغاندا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا مىسىرنىڭ تاشقى مەبلەغكە ئېھتىياجى بار ئىدى. خىتاي بولسا يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە «پۇلى بار» دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. خىتاينىڭ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۇسۇلى ۋە تەجرىبىسى مىسىر ئۈچۈن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. مانا بۇسەۋەبلەر مۇھەممەد مۇرسىنى خىتاي بىلەن كەڭ دائىرىلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئورنىتىشقا مەجبۇرلايدۇ.[46]

خىتاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى غەربىي ئاسىيا – ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ئوتتۇرا شەرق مۇتەخەسسىسى خې ۋېنپىڭنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتا قالغان مىسىر خىتاينىڭ ياردىمىگە ئېھتىياجلىق. بۇ مۇھەممەد مۇرسىنىڭ خىتاي زىيارىتىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ.[47] خې ۋېنپىڭ خىتاي تاراتقۇلىرىنىڭ زىيارەتنى قوبۇل قىلغاندا، مۇھەممەد مۇرسىنىڭ خىتايدىن مەبلەغ تەلەپ قىلغانلىقىنى مۇنداق چۈشەندۈردى: «سىياسىي داۋالغۇشلارنىڭ تەسىرىدە مىسىر ئىقتىسادىدىكى ئېشىش سۈرئىتى ئاستىلىدى، كەمبەغەللىك نىسبىتى 40% گە، ئىشسىزلىق نىسبىتى 20% گە يەتتى. مىسىر ھۆكۈمىتى بىر يىلدىن بۇيان خەلقنىڭ نارازىلىقىنى پەسەيتىش ئۈچۈن مال باھاسىنى كونترول قىلىپ، يۇقىرى سوممىلىق قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىپ كەلدى. بىراق، بۇ سىياسەت ناھايىتى كۆپ مالىيە قىزىل رەقىمىنى پەيدا قىلدى. مۇرسى ھۆكۈمىتى بۇ سەۋەبتىن، خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى (IMF)، دۇنيا بانكىسى ۋە پارىس قولتۇقى دۆلەتلىرىدىن مالىيە ياردىمى تەلەپ قىلدى. دېمەك، مىسىر ياردەم مەنبەلىرىنى كۆپەيتىشكە مەجبۇر بولۇپ قالدى.»

خې ۋېنپىڭ مۇھەممەد مۇرسىنىڭ خىتايدىن ياردەم تەلەپ قىلىشى توغرىسىدا توختىلىپ، يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مىسىرغا نىسبەتەن، خىتايدىن قانچىلىك مىقداردا ياردەم ئالالايدىغانلىقى ئەمەس، بەلكى مىسىرنىڭ ئېنېرگىيە ۋە ئۇل – ئەسلىھە ساھەلىرىگە خىتاي مەبلىغىنى قانچىلىك جەلپ قىلالايدىغانلىقى مۇھىمدۇر. مىسىرنىڭ خىتايغا بولغان ئېكسپورتىنى كۆپەيتىشى ئەڭ ياخشى تاللاش يولى بولۇپ

(46) 张燕，〈埃及「大国外交」首站：访华存双重诉求〉，《第一财经日报》2012年8月29日 01:16

(47) 王宗英，〈埃及新总统穆尔西将访华埃媒称为「首访世界大国」〉，《中国广播网》，2012年8月27日12:41.

ھېسابلىنىدۇ.[48] »

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ تارمىقىدىكى جۇڭگو خەلقئارا تەتقىقاتلار چۈشەنچە جەمئىيىتىنىڭ مۇتەخەسسىسى لى گوفۇمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشايدىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭچە بولغاندا، مۇھەممەد مۇرسىنىڭ خىتاي زىيارىتىدىكى مەقسىتى، ئىقتىسادىي كۈچىنى تېز ئاشۇرۇۋاتقان ۋە خەلقئارا جەمئىيەتتىكى تەسىرى بارغانسېرى زورىيىۋاتقان خىتاي بىلەن كۈچلۈك مۇناسىۋەت ئورنىتىشتۇر. بۇ مۇھەممەد مۇرسى ھۆكۈمىتىنىڭ داۋالغۇشقا تولغان دەۋردىن كېيىنكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن تاللاش يولى ھېسابلىنىدۇ.[49]

ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرستېتى ماركسىزم – لېنىنىزم ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ تەينىڭ پىكرى بويىچە ئېيتقاندا، خىتاينىڭ خەلقئارادىكى تەسىرىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىشى، بولۇپمۇ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەسىرى، مۇھەممەد مۇرسىنىڭ نەزەرگە ئېلىشى كېرەك بولغان بىر ئامىلدۇر.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ تارمىقىدىكى جۇڭگو خەلقئارا تەتقىقاتلار چۈشەنچە جەمئىيىتى (CIIS) نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دوڭ مەنيۈەن، مۇھەممەد مۇرسى مىسىرنىڭ مەۋجۇدىيىتى ۋە تەرەققىيات مەنپەئەتلىرىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، چوڭ كۈچلەر ئارىسىدا تەڭپۇڭ تاشقى سىياسەت يۈرگۈزۈپ، ئىچكى سىياسەتتە جەمئىيەتنىڭ تەلەپلىرىگە جاۋاب بېرىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى ئاساسىي نىشان قىلغانلىقىنى، خىتاينى زىيارەت قىلىشىنىڭ سەۋەبى دەپ كۆرسىتىدۇ.

بېيجىڭ ئۇنىۋېرستېتى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتى ئوتتۇرا شەرق تەتقىقاتلىرى مەركىزىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ سولاۋ مۇھەممەد مۇرسىنىڭ زىيارىتىنى، مىسىرنىڭ ئوتتۇرا شەرقتە خىتاينى تۇنجى بولۇپ ئېتىراپ قىلغان ئافرىقا دۆلىتى ئىكەنلىكى ۋە خىتاي بىلەن تۇنجى ئىستراتېگىيەلىك مۇناسىۋەت ئورناتقان دۆلەت ئىكەنلىكى، شۇنىڭدەك يۈكسىلىۋاتقان خىتاينىڭ ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىدە مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولۇۋاتقانلىقى ۋە مىسىرنىڭ خىتاي مەبلىغىنى جەلپ قىلماقچى بولغانلىقىغا باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ.[50]

---

(48) 张燕，〈埃及总统访华寻「财神」打造多元化外交〉，《第一财经日报》2012年8月28日 01:26.

(49) 〈埃及总统穆尔西抵京访华〉，《南方日報》A06版，2012年8月29日.

(50) 魏香镜，〈「外交大手笔」将把埃及带向何方〉，《南方日報》A06版，2012年8月24日.

www.uyghurkitap.com

خىتاي مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بەزىلىرى، مۇھەممەد مۇرسىنىڭ خىتاي زىيارىتىدە ئىقتىسادىي مەنپەئەتلەرنى مەقسەت قىلىش بىلەن بىرگە، ئامېرىكىنىڭ مىسىرغا بولغان تەسىرىنى تەڭشەش نىيىتىنىڭمۇ بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شاڭخەي چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا شەرق تەتقىقاتلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ پەخرى مۇدىرى جۇ ۋېيلىنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، يىلتىزى مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىغا تۇتىشىدىغان مۇھەممەد مۇرسى ۋاشىنگتوننىڭ بېسىمىغا قارشى باشقا تەڭپۇڭلۇق ساقلاش كۈچكە ئېھتىياجلىق بولغاچقا، خىتاينى ئامېرىكىنىڭ ئەرەب دۇنياسىدىكى تەسىرىنى تەڭشىيەلەيدىغان كۈچ، دەپ قارىغان.[51]

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ تارمىقىدىكى جۇڭگو ئىنستىتۇتى خەلقئارا تەتقىقاتلار چۆشەنچە جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى چۈ شىڭ بولسا، 30 يىل ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مۇبارەك ھۆكۈمىتى دۆلەت ئىچىدە يۇقىرى بېسىملىق سىياسەت يۈرگۈزگەن؛ تاشقى سىياسەتتە ئامېرىكا بىلەن يېقىن تۇرۇپ، مىسىردا ئون نەچچە يىل تىنچلىق ۋە مۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرغان بولسىمۇ، جەمئىيەتتە ئامېرىكىغا قارشى كەيپىيات پەيدا قىلدى. مۇھەممەد مۇرسىنى قوللىغان مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيەگە قارشى تەشكىلات بولغاچقا، ئامېرىكىغا قارشى شوئارلىرى بىلەن خەلقنىڭ كەڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇھەممەد مۇرسىنىڭ تاشقى سىياسەت ئىستراتېگىيەسى كۆپ خىل بولىدۇ، دەيدۇ.[52]

خىتاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى غەربىي ئاسىيا – ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇتەخەسسىسى يۈ گوچىڭ، ئەنئەنە جەھەتتىن مۇھەممەد مۇرسىنىڭ بىرىنچى بولۇپ، ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىشى كېرەكلىكىنى، بىراق ئۇنىڭ خىتاينى زىيارەت قىلغانلىقىغا قارىغاندا، مىسىرنىڭ ئامېرىكىغا ئەگىشىش سىياسىتىدە ئىنچىكە تەڭشەشنىڭ بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.[53]

بەزى خىتاي مەتبۇئاتلىرى، مۇھەممەد مۇرسىنىڭ خىتاي زىيارىتىنى مەۋجۇت مىسىر ھاكىمىيىتىنىڭ مۇۋازىنەتلىك تاشقى سىياسىتىنى يۈرگۈزۈۋاتقانلىقى ۋە بۇ سىياسەتنىڭ ئاسىيانى ئۆز قوينىغا ئېلىۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى، دەپ تەھلىل قىلىدۇ.[54]

(51) 洪俊杰，<穆尔西访华，重视接续埃中友谊>，《解放日报》2012年8月28日07:29:45

(52) 袁源，<穆尔西出访先中后美有深意>，《国际金融报》 2012年08月29日第 01 版.

(53) 袁源，<穆尔西出访先中后美有深意>，《国际金融报》 2012年08月29日第 01 版.

(54) 于盟，<埃及总统穆尔西首次访华借力中国加速复苏平衡外交「拥抱亚洲」>，《21世

يەنە بەزى خىتاي مەتبۇئاتلىرى مۇھەممەد مۇرسىنىڭ خىتاي زىيارىتىنى، مىسىرنىڭ خىتاي كۇلۇبىغا قاتنىشىش ئويىنىڭ ۋە خىتاينىڭ ئوتتۇرا شەرقتە يېڭى كېڭىيىشىنىڭ بېشارەتلىرى، دەپ ئانالىز قىلىدۇ.(55)

ئەمما، بەزى خىتاي مۇتەخەسسىسلىرى مۇھەممەد مۇرسىنىڭ دەسلەپتە بېيجىڭ، ئارقىدىن ۋاشىنگتوننى زىيارەت قىلىشىنىڭ، مىسىرنىڭ ئامېرىكىغا قارشى مەيدانى بىلەن مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. خىتاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى غەربىي ئاسىيا – ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ئوتتۇرا شەرق مۇتەخەسسىسى خې ۋېنپىڭ: «مۇھەممەد مۇرسىنىڭ دەسلەپتە خىتاي، ئارقىدىن ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىش پىلانى دىپلوماتىيەنى كۆپ خىللاشتۇرۇش سىگنالىدۇر. بۇ بۇنىڭدىن كېيىن، مىسىرنىڭ ‹ئۇرۇش ھارۋىسى› غا باغلىنىپ قېلىشنى خالىمىغانلىقىنى ۋە سابىق مۇبارەك ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكا بىلەن يېقىن ئۆتۈش سىياسىتىدىن پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ» دەيدۇ. دېمىسىمۇ، مىسىر جەمئىيىتى مۇبارەكنىڭ ئامېرىكا بىلەن بەك يېقىنلىشىپ كېتىشىدىن نارازى بولغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئامېرىكا ۋە بەزى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ مەنپەئەتكە باغلانغان سىياسىتىگە قارىغاندا، خىتايدىن خاتىرجەم بولۇشقا بولاتتى. چۈنكى خىتاي بىر تەرەپتىن پەلەستىننىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى قوللاپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرالىشى مۇمكىن ئىدى. خىتاينىڭ بۇ خىل پوزىتسىيەسى مۇبارەكتىن كېيىنكى مىسىر ئۈچۈن زۆرۈر بولۇپ، مىسىرنىڭمۇ خىتاي بىلەن مۇناسىۋەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىنىڭ سەۋەبى، خەتەر نىسبىتىنىڭ تۆۋەن ئىكەنلىكىدۇر.(56)

جۇڭگو خەلقئارا تەتقىقاتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇتەخەسسىسى لى گوفۇ، مۇھەممەد مۇرسىنىڭ ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا تۇنجى بولۇپ خىتاينى زىيارەت قىلىشىنىڭ، ئۆتمۈشتىكى 30 يىللىق تاشقى سىياسەتكە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشىنىڭ سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئارقىدىن ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىشىنىڭ بولسا، چوڭ دۆلەتلەر ئارىسىدا تەڭپۇڭ تاشقى سىياسەت يۈرگۈزۈش ئويىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.(57)

纪经济报道》2012年8月29日

(55) Brendan O'Reilly, "Egyptjoins China club", The Asia Times, Aug 31, 2012.

(56) 张燕, 〈埃及总统访华寻「财神」打造多元化外交〉, 《第一财经日报》2012年8月28日 01:26.

(57) 〈埃及总统穆尔西抵京访华〉, 《南方日報》A06版, 2012年8月29日.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شاڭخەي پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئافرىقا تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى شۇ يۈنگو، مۇھەممەد مۇرسىنىڭ تۇنجى بولۇپ خىتاينى زىيارەت قىلىشنى، قاھىرەنىڭ ئامېرىكىدىن يىراق تۇرىدىغانلىقى مەنىسىگە ئىگە ئەمەسلىكىنى، ئامېرىكىنىڭ ھازىرمۇ مىسىرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىتتىپاقدىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىش بىلەن بىرگە، ھەر يىلى ئامېرىكىدىن بېرىلىۋاتقان كۆپ مىقداردىكى ياردەملەرنىڭ مىسىر ئۈچۈن ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ.[58]

خىتاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى غەربىي ئاسىيا – ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ئوتتۇرا شەرق مۇتەخەسسىسى خې ۋېنپىڭ: «بۇ قېتىملىق زىيارەتنى مىسىرنىڭ تاشقى سىياسىتىدە ‹غەربتىن شەرققە يۈزلىنىش› پىكرىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكى ۋە مۇھەممەد مۇرسىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مەقسىتىنىڭ ‹خىتاي بىلەن ئامېرىكىغا قارىتىلغان سىياسەتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش› ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، دەپ ئىزاھلاشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى، مۇھەممەد مۇرسىنىڭ مەقستى كۆپ يۆلىنىشلىك تاشقى سىياسەت ئىستراتېگىيەسىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە بىلدۈرۈش ئىكەنلىكى ۋە ئامېرىكىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىدىن قۇتۇلۇش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ» دەپ قارايدۇ.[59]

مۇھەممەد مۇرسىنىڭ خىتاينى زىيارەت قىلىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، مىسىرنىڭ رايوندىكى رەھبەرلىك رولىنى كۈچەيتىش ئۈچۈندۇر.

بەزى مۇتەخەسسىسلەر مۇھەممەد مۇرسىنىڭ دۇنياۋى كۈچ بولغان خىتاي ۋە ئامېرىكىنى، رايونلۇق كۈچ بولغان سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە ئىراننى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق رايوندىكى تەسىرىنى كۈچەيتىشكە تىرىشىۋاتقانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. مۇھەممەد مۇرسىنىڭ خىتاي زىيارىتى بولسا، بۇ مەقسەتكە ۋەسىلە بولماقتا. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ تارمىقىدىكى جۇڭگو خەلقئارا تەتقىقاتلار چۈشەنچە جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دوڭ مەنيۈەن: «مىسىر ئەسلى ھالىتىگە قايتىپ كەلگەن ۋاقىتتا، ئەرەب دۇنياسىدا چوڭ كۈچ بولۇش پۇرسىتى تۇغىلىدۇ» دەيدۇ. ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم – لېنىنىزم ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ تەيمۇ دوڭ مەنيۈەن بىلەن ئوخشاش قاراشتا بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «تارىخىي ۋە

(58) 陆益峰, <穆尔西「大国外交」为何首选中国>, 《文汇报》2012年8月29日.

(59) 王宗英, <埃及新总统穆尔西将访华埃媒称为「首访世界大国」>, 《中国广播网》, 2012年8月27日12:41.

رىئاللىق نۇقتىسىدىن ئەسلى ھالىتىگە كەلگەن مىسىر، ئوتتۇرا شەرقتە تېخىمۇ چوڭ تەسىرگە ئىگە بولۇشقا تىرىشىدۇ. دىپلوماتىك يوللارنى بەلگىلىگەندە تەڭپۇڭلۇقنى كۆزلەيدۇ.»

ئەمما، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتى ئوتتۇرا شەرق تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ سولاۋ، ئوتتۇرا شەرقتىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ كېلەچەكتە قايسى نىشانغا يۈزلىنىدىغانلىقى مەسىلىسى ئايدىڭلىشىپ بولغىچە، مىسىرنىڭ رايوندا باشلامچى ئورۇنغا ئىگە بولىشىدىن سۆز ئېچىشنىڭ بالدۇر بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئوتتۇرا شەرقتە بەلگىلىگۈچى كۈچنىڭ مىسىر ئەمەس، بەلكى سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە قاتار ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن خىتاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دۇنيا دىن تەتقىقاتلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ مۇتەخەسسىسى جىن يىجيۇ، ئىقتىسادىي كۈچى ھازىرمۇ ئاجىز بولغان مىسىرنىڭ رايونلۇق تەسىر پەيدا قىلىشىنىڭ بەك مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.[60]

خىتاي مۇتەخەسسىسلىرى مۇھەممەد مۇرسىنىڭ خىتاي زىيارىتىنى بېيجىڭ ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە مۇھىم دەپ قارايدۇ. ۋاڭ تەيىنىڭ پىكرى بويىچە ئېيتقاندا، خىتاي خىتاي – ئەرەب بىرلىكى، خىتاي – ئەرەب مۇنبىرى، خىتاي – ئافرىقا مۇنبىرى قاتارلىق تەشكىلاتلار ئارقىلىق ئەرەب دۇنياسى بىلەن مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرغان ۋاقىتتا، مىسىر مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەدەنىيەت ۋە سىياسەت ساھەسىدىكى يۇقىرى سەۋىيەلىك زىيارەتلەر بىلەن مەۋجۇت مۇناسىۋەتلەر داۋاملىق تەرەققىي قىلىدۇ.

مىسىرنىڭ رايوندا مۇھىم تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن ۋاڭ سولاۋنىڭ پىكرى بويىچە بولغاندا، دۆلەت ئىچىدە يۈز بەرگەن چوڭ سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن، ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان يېڭى رەھبەرنىڭ خىتاينى مۇھىم دۆلەت سۈپىتىدە كۆرۈشى ۋە خىتاي بىلەن يېقىن ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى خالىشى، خىتاي ئۈچۈن مۇھىم سىگنال ھېسابلىنىدۇ.[61] دوك مەنيۇەنمۇ يۈكسىلىۋاتقان خىتاي ئەرەبلەر ئارىسىدا ياخشى ئوبرازغا ئىگە ۋە «ئىشىنىشكە بولىدىغان دۆلەت» دېگەن قاراش مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭچە بولغاندا، مۇھەممەد

(60) 魏香镜，<「外交大手笔」将把埃及带向何方>，《南方日報》A06版，2012年8月24日.
(61) 魏香镜，<「外交大手笔」将把埃及带向何方>，《南方日報》A06版，2012年8月24日.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


مۇرسىنىڭ تەڭپۇڭ تاشقى سىياسەتنى ئۈچۈن مۇھىم بولۇپلا قالماي، خىتاينىڭ ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغىمۇ پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ.[62] شاڭخەي چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا شەرق تەتقىقاتلىرى ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇدىرى لىيۇ جومىڭ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مۇھەممەد مۇرسىنىڭ خىتاي زىيارىتى، ئوتتۇرا شەرقتىكى ئۆزگىرىشلەردىن كېيىن، خىتاينىڭ ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى كەڭ دائىرىدە ۋە ساغلام شەكىلدە تەرەققىي قىلدۇرۇشى نۇقتىسىدىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ زىيارەت شۈبھىسىزكى، ئۆزگىرىش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەن ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە يېتەكچىلىك ۋە تۈرتكىلىك رولىنى ئوينايدۇ. خىتاي، ئۆزگىرىش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەن ئەرەب دۆلەتلىرىگە قارىتا مەۋجۇت سىياسىتىنى تەڭشەپ، مۇھەممەد مۇرسىنىڭ زىيارىتى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلغان مىسىرغا ياردەم بېرىش پىلانىنى ۋە سېلىنمىنى ئاشۇرۇشى، شۇنداقلا خىتاينىڭ دىنىي جەمئىيەتلىرىگە ئوخشاش ھۆكۈمەت سىرتىدىكى كۈچلەردىن پايدىلىنىپ، مىسىرغا نىسبەتەن مەدەنىيەت دىپلوماتىيەسى ۋە ئامما دىپلوماتىيەسىنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا چۈشىنىشنى ۋە بىر – بىرىگە بولغان ئىشەنچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى لازىم. مەدەنىيەتلەر ئارا دىيالوگ ۋە مەدەنىيەت مۇناسىۋەتلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خىتاي – مىسىر مۇناسىۋەتلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىشى ۋە بۇ خىتاينىڭ مىسىر سىياسىتىنىڭ مۇھىم تېمىسى بولۇشى لازىم. چۈنكى، مىسىر ئۆرنىكى ئۆزگىرىش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەن ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ خىتاي بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشىدا باشلامچى بولىدۇ.[63]»

## 4- غەربنىڭ ئەندىشىلىرى

بۇرۇندىن تارتىپلا ئىسلامىي كىملىكى بىلەن تونۇلغان مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىدىن ئەندىشە قىلىپ كېلىۋاتقان غەربلىكلەر، مۇھەممەد مۇرسىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئالدى بىلەن خىتاينى زىيارەت قىلغانلىقى مەسىلىسىدە ھەر خىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ۋاشىنگتون ئىنىستىتۇتى يىراق شەرق سىياسىتى چۈشەنچە جەمئىيىتىنىڭ مۇتەخەسسىسى داۋىد سچېنكېر، مۇھەممەد مۇرسىنىڭ خىتاينى زىيارەت

(62) 林凌，〈专家：穆尔西首访中国着力破解埃及国内经济困局〉《国际在线》2012年8月26日21:28:40

(63) 刘中民，〈埃及能否引领中阿关系顺利转型〉，《东方早报》第A16版，2012年8月29日.

قىلغانلىقنى، ئەسلىدە غەربكە بېقىندىلىقنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى كۆرسىتىدىغانلىقنى، خىتاينىڭ بولسا، بۇ ئىستراتېگىيەنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكى پىكرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.(64) مىسىرنىڭ خىتاي ۋە ئىران بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئامېرىكىنى نارازى قىلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن داۋىد سچېنكېرغا ئوخشاش رايون مۇتەخەسسىسلىرى، مىسىرنىڭ ۋاشىنگتوننىڭ تەسىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن ئامېرىكىغا بەرگەن سۆۋەيش قانىلىدىن ئاق دېڭىزغا ئۆتۈش ئىمتىيازىنى خىتايغىمۇ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مىسىرنىڭ ئاللىبۇرۇنلا غەربنىڭ بۇيرۇقلىرىدىن زېرىككەنلىكىنى تەكىتلەۋاتقان بۇ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، مۇھەممەد مۇرسىنىڭ خىتاي ۋە ئىران زىيارىتى، سابىق پرېزىدېنت ئەنۋەر ساداتنىڭ 1972 – يىلىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلىرىنى چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىپ، غەرب بىلەن قۇچاقلىشىش سەھنىسىنى ئەسكە سالىدۇ. بۇ مۇتەخەسسىسلەر يەنە، مۇھەممەد مۇرسىنىڭ خىتايدىن كېيىنلا ئىراننى زىيارەت قىلىشىنىڭ ھەيران قالارلىق ئەمەسلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.(65)

ئامېرىكىنىڭ بۇيرۇقى ئاستىدا ئۆتكەن 30 يىلدىن كېيىن، مىسىرنىڭ مۇستەقىل تاشقى سىياسەت يۈرگۈزۈشكە باشلىغانلىقى قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋاشىنگتوندىكى يېڭى دۇنيا ئىستراتېگىيە بىرلەشمىسى (New World Strategies Coalition) جەمئىيىتىنىڭ ئىسرائىلىيە مۇتەخەسسىسى مىشېل ھۇگېسنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، مۇھەممەد مۇرسى خىتاي ۋە ئىران زىيارىتى ئارقىلىق ئامېرىكا ۋە مول نېفىت بايلىقىغا ئىگە پارس قولتۇقى دۆلەتلىرىدىن ئىستراتېگىيەلىك نۇقتىدىن يىراقلىششقا تىرىشتى.(66) ئۇنىڭ پىكرىچە، مۇھەممەد مۇرسىنىڭ خىتاي ۋە ئىران زىيارىتى ئوتتۇرا شەرقتە يېڭىدىن تەڭپۇڭ نۇقتىلارنى شەكىللەندۈرۈش تىرىشچانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر. يەنە بىر مۇھىم سەۋەب بولسا، خىتاي ئۆزۈن مۇددەتتە مىسىرنىڭ قىزىل رەقىمىنىڭ ئورنىنى تولدۇرالايدىغانلىقى ئۈچۈن غەربتىن يىراق تۇرۇپ، خىتايغا يېقىنلاشماقتا.(67)

(64) Brian Spegeleand Matt Bradley, "Egypt's Morsi Firms China Ties", The Wall Street Journal, August 29, 2012, 1:11p.m. ET.

(65) David Schenkerand Christina Lin, "Egypt's outreach to Chinaand Iran is troubling for U.S. policy", The Los Angeles Times, August 24, 2012.

(66) Michael Hughes, "Egypt hedges between the West, the Gulf, Iran and China", Examiner.com, August 24, 2012.

(67) "Iran and Egypt going to offset Saudiand US in Mid-East", RT News, August 25, 2012

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مىسىرنىڭ ئىقتىسادىي ياردەم مەنبەلىرىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشنىڭ پىيدە ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن ئوتتۇرا شەرق تارىخ پروفېسسورى لوۋرېنس داۋىدسون، مۇھەممەد مۇرسىنىڭ غەرب مەنبەلىك بولمىغان نەق پۇل ئوبروتىنى تېپىش ئۈچۈن خىتاي ۋە ئىراننى زىيارەت قىلغانلىقىنى، ئامېرىكىنىڭ بۇ پائالىيەتلەردىن ئانچە ئەندىشە ھېس قىلىپ كەتمىگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردى.[68]

بەزى مىسىر كارخانىچىلىرىنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، مۇھەممەد مۇرسى خىتايدىن كۆزلىگىنىنى ئالالىسا، مىسىرنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىگە چەك قويالايدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى خوجايىنلىق ھوقۇقى ئاجىزلايدۇ ۋە مىسىر ئۈچۈن خىتايدىن كېلىدىغان مەبلەغ پۇرسەتلىرى كۆپىيىدۇ.[69] ئەل ئېھرام مەركىزىي سىياسىي ئىستراتېگىيە تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇتەخەسسىسى مۇھەممەد قادىرى سەئىد مىسىرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئامېرىكا بىلەن ئەمەس، بەلكى خىتاي بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىش يولىنى تاللىغانلىقىنى مۇنداق چۈشەندۈردى: «مىسىرنىڭ خىتاي بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشى، مۇرسى ھۆكۈمىتىنىڭ غەربكە ئىشەنمەسلىكىدىن كېلىپ چىقماقتا. خىتاينى ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىلا ئەمەس، مىسىردىمۇ كۈچلۈك دۆلەت دەيدىغان قاراش ئۈستۈن ئورۇندا بولۇپ، مىسىر – خىتاي ئارىسىدىكى يېقى مۇناسىۋەتلەر ئامېرىكىنىڭ دىققىتىنى تەبىئىي ھالدا مىسىرغا بۇراشقا مەجبۇرلايدۇ. ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى تەسلەشكەن ۋە مىسىرنىڭ ئەڭ چوڭ سودا شېرىكى ئىقتىسادىي كىرىزىستىن قۇتۇلالمىغان ئەھۋالدا مىسىرنىڭ مول سەرمايىگە ۋە ئېكسپورت ساھەسى كۈچلۈك بولغان خىتاي بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشى ناھايىتى نورمال. خىتاي ئەمدى مىسىرنىڭ ھامىيسى دەپ بىلىنىدىغان ئامېرىكىنىڭ ئورنىنى ئېلىشقا باشلايدۇ.»

پېۋ مەركىزىنىڭ 2010 – يىللىق خەلق رايىنى سىناش نەتىجىلىرى 52% مىسىرلىقلارنىڭ خىتايغا ئىجابىي باھا بېرىدىغانلىقىنى، ئامېرىكىغا نىسبەتەن بولسا، بۇ رەقەمنىڭ 17% ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىماقتا.[70] مىسىر خەلقئارا ھەمكارلىق

---

16:53.

(68) “Egyptian leaderheads to China, Iran to findnon-Western cash flow”, RT News, August 28, 2012 11:59.

(69) Hatem Khedr, “Morsi in China forinvestment talks”, The Egyptian Gazette, August 27, 2012.

(70) Erin Cunningham, “Is China ‘buying’ Egypt from the US?”, The Global Post, September

مىنىسترلىكىنىڭ مەسئۇللىرىدىن ئابدىلئابدەل ھامىد ھاسانىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە بولغاندا، «خىتاي مىسىرغا نىسبەتەن ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە.[71]»

بەزى ئانالىزلارغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكا رەھبەرلىرى مۇھەممەد مۇرسىنىڭ تاشقى سىياستىنى يېقىندىن كۆزىتىشنى باشلىغان بولۇپ، ئامېرىكا ئۆزىمۇ غەلىتە بىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان. بۇنىڭدا، ۋاشىنگتون مىسىرنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن بېيجىڭ بىلەن رىقابەتلىشىشى، ئوخشاش بىر ۋاقىتتا قاھىرەنىڭ ئامېرىكا – خىتاي ئارىسىدىكى رايون خاراكتېرلىك تەسىر تالىشىش رىقابىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز مەنپەئەتلىرىنى كۈچەيتىشىدىن ساقلىنىشى كېرەك.[72]يەنە بەزى تەھلىلچىلەر، مۇھەممەد مۇرسىنىڭ خىتاينى زىيارەت قىلىشىدىكى مەقسىتىنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە ياخشىچاق بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ مەبلەغكە ئېرىشىش، سىياسىي قالايمىقانچىلىقتا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئىقتىسادىنى قۇتقۇزۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، دەپ قارايدۇ. بېيجىڭنىڭ كۆرۈنۈشتە قىزغىن بولسىمۇ، ئەرەب باھارىدىن كېيىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان مىسىرنىڭ يېڭى پرېزىدېنتىغا تەمكىنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.[73]

خىتاي مۇتەخەسسىسلىرى غەربىي مۇتەخەسسىسلىرىدەك مىسىر – ئامېرىكا مۇناسىۋەتلىرىدىن ئەندىشە قىلىپ كەتمەيدۇ. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر بۆلۈمى ئىنستىتۇتى ئوتتۇرا شەرق تەتقىقاتلىرى مەركىزىنىڭ مۇدىرى ۋالى سۇلاۋنىڭ قارىشىچە، مۇھەممەد مۇرسىنىڭ تاشقى سىياسەتتە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشتىكى مەقسىتى، ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يېتەكچىلىكىگە بېقىپ ئىش قىلىش ئەمەس، بەلكى مىسىرنى مۇستەقىل بىر دۆلەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە قىلىش ۋە مىللىي مەنپەئەتنى چىقىش قىلىشتۇر.

بۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەممەد مۇرسىنىڭ بۇرۇنقى ھاكىمىيەتلەردىكىگە ئوخشاش ئامېرىكىغا باغلىنىپ قىلىش مەسىلىسىدە تارىخىي يۈكى بولماسلىقى لازىم. بىراق،

5, 2012.

(71) Farah Halime, “Chinese Firms Brave Uncertainty in Egypt to Gain a Foothold in Middle East”, The New York Times, August 29, 2012

(72) Brian Spegeleand Matt Bradley, “Egypt’s Morsi Firms China Ties”, The Wall Street Journal, August 29, 2012, 1:11p.m. ET.

(73) Christopher Bodeen, “China, wary of Arab Spring, hosts Egypt’s Morsi on visit focusing on trade, economic ties”, The Washington Post, August 28, 2012.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇھەممەد مۇرسى مۇستەقىل تاشقى سىياسەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتتا، ئامېرىكا بىلەن بولغان ئەنئەنىۋىلىككە ئىگە ئالاھىدە مۇناسىۋەتلىرىنى قانداق داۋاملاشتۇرۇش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئامېرىكا ھەر يىلى مىسىرغا ئەڭ ئاز دېگەندە 2 مىليارد دوللار قىممىتىدە ياردەم قىلىۋاتقان بولۇپ، بۇنىڭ 1.4 مىليارد دوللارلىق قىسمى ھەربىي ياردەم، 600 مىليون دوللارلىق قىسمى ئىقتىسادىي ۋە باشقا ساھەلەردە قىلىنىدىغان ياردەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىقتىسادى قىيىن ئەھۋالدا بولغان مىسىر بۇ ياردەملەردىن ئاسانلىقچە ۋاز كېچەلمەيدۇ.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ تارمىقىدىكى جۇڭگو ئىنستىتۇتى خەلقئارا تەتقىقاتلار چۆشەنچە جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دوڭ مەنيۈەننىڭ قارىشىچە، مۇھەممەد مۇرسى تاشقى سىياسەتتە مۇئەييەن دەرىجىدە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، مىسىر – ئامېرىكا ئىستراتېگىيەلىك مۇناسىۋەتلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلالمايدۇ. مىسىر – ئىران مۇناسىۋەتلىرىدىمۇ مىسىر – ئامېرىكا ئىستراتېگىيەلىك ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋەتلىرىنى نەزەرگە ئېلىشقا مەجبۇردۇر. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇھەممەد مۇرسىنىڭ ئىران بىلەن مۇناسىۋەتلىرىنى ياخشىلىشى چەكلىك بولىدۇ. مۇھەممەد مۇرسى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇقىملىق ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ساھەسىدە ئامېرىكا بولماستىن زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىنىڭ تەس ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن خىتاينىڭ غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا شەرق تەتقىقاتلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ مۇتەخەسسىسى لى فۇچۈەننىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، مۇھەممەد مۇرسى ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى بۇ ھەقىقەتنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدىغان بولۇپ، مۇبارەك دەۋرىدىكى يېقىن مۇناسىۋەتلەردىن بىرئاز پەرقلەنسىمۇ، ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى يەنىلا داۋام قىلدۇرىدۇ.

ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم – لېنىنىزم ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ تەيمۇ يۇقىرىدىكى پىكرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇ: «مۇبارەك دەۋرىدە تەرەققىي قىلغان مىسىر – ئامېرىكا يېقىن مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىنى، بۇزۇلماس تەڭپۇڭ مۇناسىۋەت ئالىدۇ» دەيدۇ.

مىسىردا بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلارنىڭ غەربتە تەربىيە ئالغانلىقىنى ۋە ئارمىيە قانىتىنىڭ ئامېرىكا بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن خىتاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دۇنيا

دىن تەتقىقاتلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ مۇتەخەسسىسى جىن يىجيۇ، مۇھەممەد مۇرسىنىڭ ئامېرىكىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى، ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېھتىياجلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىراق - ئىيران مۇناسىۋەتلىرىنىڭ داۋاملىشىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.[74]

ختاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ تارمىقىدىكى جۇڭگو ئىنستىتۇتى خەلقئارا تەتقىقاتلار چۆشەنچە جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى چۇ شىمۇ مىسىرنىڭ ختاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە، ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى داۋاملىشتۇرىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.[75]

### 5 - مىسىر – ختاي مۇناسىۋەتلىرىگە باھا

ختاي ھۆكۈمىتى مىسىرنىڭ يېڭى ھۆكۈمىتىنى قوللايدۇ ۋە مىسىر خەلقىنىڭ سىياسىي تەرتىپ ۋە تەرەققىيات شەكلىنى تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. شۇنداقلا مىسىرنىڭ رايون خاراكتېرلىك مۇھىم مەركىزى دۆلەت ۋە ئاساسلىق كۈچ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. مىسىرنىڭ خەلقئارالىق ۋە رايونلۇق مەسىلىلەردە تېخىمۇ چوڭ رول ئوينىشىنى قوللايدۇ. بىراق، ئىككى دۆلەتنىڭ خەلقئارالىق ۋە رايونلۇق مەسىلىلەردە تەڭ ماسلاشقان ھەمكارلىقى تېخىمۇ كۈچىيىشى لازىم.[76] جۇڭگو ئىنستىتۇتى خەلقئارا تەتقىقاتلار چۆشەنچە جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى چۇ شىڭنىڭ قارىشىچە، مىسىر بۇرۇن ئەرەب دۇنياسىنىڭ بايراقدارى ئىدى. بۈگۈن بولسا، سۈرىيە مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشىدا ئاكتىپ ئىشتىراكچى ۋە بەلگىلىگۈچى بولۇشنى خالايدىغان بولسىمۇ، رايوندا رەھبەر بولۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ياكى ئەمەسلىكى تېخى ئايدىڭ بولمىغان بىر مەسىلىدۇر. مۇھەممەد مۇرسىنىڭ ختاي زىيارىتىدىكى ئەھۋالغا قارىغاندا، ئۇنىڭ سۈرىيە مەسىلىسىدىكى تىرىشچانلىقلىرى تازا ئۈنۈملۈك بولمايدىغاندەك قىلىدۇ.[77] مىسىر تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە دۆلەت ئەنئەنىسى نۇقتىسىدىن رايوندا مۇھىم يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە. مەسىلەن، مىسىرنىڭ سۈۋەيش قانىلى، چوڭ بازىرى ۋە ئەرزان ئەمگەك كۈچى ختاينىڭ مىسىر بىلەن ئىيقن

(74) 魏香镜,<「外交大手笔」将把埃及带向何方>,《南方日報》A06版,2012年8月24日.
(75) 袁源,<穆尔西出访先中后美有深意>,《国际金融报》 2012年08月29日第 01 版.
(76) <中华人民共和国和阿拉伯埃及共和国联合新闻公报>, 《新华网》2012年08月30日 13:06:44.
(77) 袁源,<穆尔西出访先中后美有深意>,《国际金融报》 2012年08月29日第 01 版.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

مۇناسىۋەت ئورنىتىشىغا ھەتتا خىتاينىڭ ئافرىقا ھەمدە ئوتتۇرا شەرق رايونلىرىغا قاراتقان سىياسىتىنى ساغلام شەكىلدە داۋاملاشتۇرۇشىغا نىسبەتەن ئەك مۇۋاپىق شېرىك ھېسابلىنىدۇ. ئەپسۇسكى مىسىر خىتاي تەلەپ قىلغاندەك چوڭقۇر گېئوپولىتىكىلىق تەسىر كۆچىگە ئىگە ئەمەس. خىتاينىڭ ئوتتۇرا شەرق ۋە ئافرىقىغا قاراتقان رايونلۇق سىياسىتىدە مىسىردىن پايدىلىنىشى تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن مىسىرنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورنى خىتاي ئۈچۈن ئالدىنقى پىلانغا چىقىشى مۇمكىن. مۇنداق بولغاندا، مىسىر ئىقتىسادىي ۋە گېئوپولىتىكىلىق نۇقتىدىن خىتاينىڭ ئافرىقا سىياسىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتۇشى مۇمكىن. مۇھەممەد مۇرسى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، يولغا قويغان تاشقى سىياسىتىدىن قاھىرەنىڭ تاشقى سىياسەت چۈشەنچىسىنىڭ راتسىيونال ۋە ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. مۇھەممەد مۇرسىنىڭ ئىشنىڭ باشلىنىشىدا ئۇستا گېئوپولىتىكا ئويۇنچىسىدەك قەرت ئويناشقا باشلىغانلىقىنى، ئۇنىڭ غەرب بىلەن بولغان ئەنئەنىۋى مۇناسىۋەتلەرنى تاشلاپ، ئىران ۋە خىتايغا ئوخشاش دۆلەتلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىشىدىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ چۈشەنگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، مىسىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ئىچىدە قالغان بولۇپ، ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ بارغانسېرى ناچارلىشىشى يېڭى سىياسىي مەسىلىلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.[78] بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مىسىرنىڭ ئالدىن ئەھمىيەت بېرىدىغان مەسىلىسى ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش بولۇپ، مۇھەممەد مۇرسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمۇ بۇنىڭغا باغلىق ئىدى. قىسقا مەزگىلدە، مۇھەممەد مۇرسىنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك ۋە رايونلۇق تاشقى سىياسىتىنىڭ بۇ مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ئوتتۇرا شەرق رايونىنىڭ بالدۇرراق مۇقىملىققا ئېرىشىشى مىسىرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇۋاپىق زېمىن تەييارلاپ بېرىشى مۇمكىن. دۇنيا ۋە رايون خاراكتېرلىك كۈچلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە تەگپۇڭ مۇناسىۋەتلەرنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشىمۇ مىسىرغا مەبلەغ ۋە بىخەتەر مۇھىت يارىتىپ بېرىدۇ. بىراق، مۇھەممەد مۇرسى ۋە ئۇنى قوللايدىغان مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن مۇھىت ياراتقاندا جەمئىيەتتىكى باشقا قاتلاملار، بولۇپمۇ سېكۇلار ۋە غەرب بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بار ئارمىيەنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئويلاشقا مەجبۇر بولىدۇ.

(78) Marwa Awadand Patrick Werr, “Exclusive: Egypt’s president rules outcurrency devaluation”, Reuters, TueAug 28, 2012 4:53am EDT.

بۇ باسقۇچتا، مىسىر – خىتاي مۇناسىۋەتلىرىدە نۆۋەتتە ئەمەلىي ئېلىپ بارالايدىغان پائالىيىتى سودا – ئىقتىساد مۇناسىۋەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، كەلگۈسىدە بولسا سىياسىي، گېئوپولىتىكا ھەتتا رايون خەۋپسىزلىكى جەھەتلەردىكى ھەمكارلىقى ئۈچۈن مۇۋاپىق زېمىن تەييارلاشتۇر. خىتاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇتەخەسسىسى يۈ گوچىڭنىڭ ئېيتقىنىدەك، خىتاي بىلەن مىسىر ئارىسىدا قۇرۇلما خاراكتېرلىك تەڭپۇڭسىزلىقلار بار بولۇپ، ئىككى دۆلەت ئىقتىسادى بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان ئىقتىسادىي قۇرۇلمىغا ئىگە ئەمەس.[79] يەنە كېلىپ، مىسىر ئوتتۇرا شەرقنىڭ نېفت ۋە تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقارغۇچى دۆلەتلىرىدىن ھېساپلانمايدىغان بولۇپ، خىتاي ئەڭ كۆپ ئېھتىياجلىق بولغان ئېنېرگىيە مىسىردا يوق. بۇ مەنپىي تەرەپلەر ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

2010 – يىلىدا خىتاي – مىسىر سودا ئومۇمىي سوممىسى 6.96 مىليارد دوللارغا يەتكەن بولۇپ، خىتاينىڭ مىسىرغا قىلغان ئېكسپورتى 6.04 مىليارد دوللار بولغان بولسا، مىسىردىن قىلغان ئىمپورتى ئاران 0.92 مىليارد دوللار بولغان. 2011 – يىلى خىتاي – مىسىر سودا ئومۇمىي سوممىسى 8.8 مىليارد دوللار (مىسىرنىڭ رەقىمى 9 مىليارد دوللار) بولغان بولۇپ، ئالدىنقى يىلغا سېلىشتۇرغاندا 26.5% ئاشقان. ئەمما، ھەر قېتىمدىكىگە ئوخشاش مىسىرنىڭ زىيىنىغا تەرەققىي قىلغان. خىتاينىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، خىتاينىڭ مىسىرغا قىلغان ئېكسپورتى 7.28 مىليارد دوللار (مىسىرنىڭ رەقىمى 7.5 مىليارد دوللار) بولغان ۋە ئالدىنقى يىلغا سېلىشتۇرغاندا 20.6% ئاشقان. مىسىردىن قىلغان ئىمپورتى بولسا، 1.52 مىليارد (مىسىرنىڭ رەقىمى 1.5 مىليارد دوللار) دوللار بولغان ۋە ئالدىنقى يىلغا سېلىشتۇرغاندا 65.4% ئاشقان.[80] يەنى ئىككى دۆلەتنىڭ سودىسىدىكى قىزىل رەقەم 5.76 مىليارد دوللار بولغان. مىسىر خىتاينىڭ ئافرىقا دۆلەتلىرى ئىچىدىكى 5 – چوڭ سودا شېرىكىدۇر. بۈگۈنگىچە خىتاينىڭ مىسىرغا سالغان ئومۇمىي مەبلەغ مىقدارى 500 مىليون دوللار ئەتراپىدا بولۇپ، مىسىرغا بىۋاستە مەبلەغ سالغان دۆلەتلەرنىڭ ئارىسىدا 25 – ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەسلىدە خىتاي 2011 – يىلى چەت ئەللەرگە 74.65 مىليارد دوللار مەبلەغ سالغان بولۇپ، ئافرىقا ئۈچۈن تەييارلىغان مەبلەغ مىقدارى 50 مىليارد دوللارغا يېتەتتى.

(79) 袁源,〈穆尔西出访先中后美有深意〉,《国际金融报》 2012年08月29日第 01 版.

(80) 宋爱国,〈变化的中东与不变的中埃和中阿友好—驻埃及大使宋爱国在「中东变革下的中阿合作前景研讨会」上的讲话〉,《中华人民共和国外交部網站》2012年6月7日.

مىسىردىكى سىياسىي ئۆزگىرىشلەر ۋە خىتاينىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىدىكى ئىنكاسى

ئافرىقىنىڭ مول بايلىق مەنبەلىرى خىتاينى جەلپ قىلماقتا.[81] خىتاي بىلەن سودا قىلىدىغان دۆلەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە قىزىل رەقەم كۆرۈلمەكتە ۋە قىزىل رەقەمنى ھەل قىلىش چارىلىرىمۇ نەتىجىسىز قالماقتا. بۇنىڭغا خىتاينىڭ 2007 - يىلى مىسىردا بىر ئىقتىسادىي رايون قۇرۇشنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى مىسىرنىڭ مەبلەغ ۋە ئەركىن سودا رايونى باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئاسسەم راغىبنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، 2010 - يىلىدا ئىككى دۆلەتنىڭ سودا ئومۇمىي سوممىسى 100 مىليارد دوللارغا يەتكۈزۈلەتتى. خىتاي - مىسىر سودا - ئىقتىساد ھەمكارلىقىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان سىياسىي ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئېچىلغان بولسىمۇ، بۇ رەقەم ئىشقا ئاشمىغان. خىتاي - مىسىر سودا مۇناسىۋەتلىرى ئاشقانسېرى ۋە بۇ رەقەم چوڭايغانسېرى مىسىرنىڭ زىيىنىغا تەرەققىي قىلغان سودا قىزىل رەقىمىنىڭ تېخىمۇ چوڭ بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىش ئانچە تەس ئەمەس. خىتاي - مىسىر مۇناسىۋەتلىرى قويۇقلاشقانسېرى سودا قىزىل رەقىمى مەسىلىسى ئىككى تەرەپنىڭ كۈنتەرتىپىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

| خىتاي - مىسىر سودا مۇناسىۋەتلىرى | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| يىل/ رەقەم | سودا ئومۇمىي سوممىسى (مىليارد دوللار) | ئېشىش نىسبىتى (%) | ئېكسپورت مىقدارى (مىليارد دوللار) | ئېشىش نىسبىتى (%) | ئىمپورت مىقدارى (مىليارد دوللار) | ئېشىش نىسبىتى (%) |
| 2005 | 2.11 | 36.1 | 1.93 | 39.3 | 0.21 | 12.3 |
| 2006 | 3.19 | 48.8 | 2.98 | 53.9 | 0.22 | 2.7 |
| 2007 | 4.67 | 46.3 | 4.43 | 48.9 | 0.24 | 10.6 |
| 2008 | 6.24 | 35.7 | 5.81 | 31.1 | 0.43 | 78.6 |
| 2009 | 5.86 | -7 | 5.11 | -13.1 | 0.75 | 75.4 |
| 2010 | 6.96 | 19.1 | 6.04 | 18.3 | 0.92 | 24.5 |
| 2011 | 8.8 | 26.5 | 7.28 | 20.6 | 1.52 | 65.4 |
| 2012 | 9.54 | 8.4 | 8.22 | 12.9 | 1.32 | -13 |

1956 - يىلى خىتاي بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان مىسىر، 1999 - يىلى ئاپرېل ئېيىدا خىتاي بىلەن ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ئورناتقان ۋە 2006 - يىلى خىتاينىڭ رەسمىي بازار ئىقتىسادىغا ئىگە سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، جەدۋەلدىكى سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغىنىمىزدا، مىسىرنىڭ خىتاي بازىرىدا ئۈمىد قىلغان پايدىغا ئېرىشەلمىگەنلىكىنى كۆرىمىز. مىسىردا سانائەت، ساياھەتچىلىك،

(81) 〈非洲资源引来越来越多的中国投资〉, The Voice of Russia, 2012年8月21日, 10:03

بىناكارلىق، مۇلازىمەت، ئۇچۇر – ئالاقە تېخنىكا ساھەلىرىدە پائالىيەت قىلىۋاتقان 1133 خىتاي شىركىتى بار، بىراق بۇ خىتاي شىركەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئالغان پايدىسىنى مىسىردا قايتا مەبلەغ سېلىشقا ئىشلەتمەستىن، خىتايغا يۆتكەپ كەتمەكتە. بۇ سەۋەبتىن، خىتاينىڭ ئوتتۇرا ۋە كىچىك شىركەتلىرى مىسىرنىڭ تەرەققىياتىغا ئانچە كۆپ ھەسسە قوشالمىدى. دەل ئەكسىچە، مىسىر تاشقى پېرېۋوتلىرىنىڭ بىر قىسمى خىتايغا ئېقىپ كەتتى. بۇ ئەھۋالغا قارىتا، مىسىر خىتاي بىلەن تېخىمۇ چوڭ لايىھەلەرنى مۇزاكىرە قىلىشى كېرەك. خىتاينىڭ مەبلەغلىرىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئىككى تەرەپ مۇناسىۋەتلىرىدە ئۆزئارا سىياسىي خاراكتېرلىك ئىشەنچنىڭ ئاشۇرۇلۇشى بىلەن بىرگە، بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئىستراتېگىيەلىك سەۋىيەگە يەتكۈزۈلۈشى، گېئوپولىتىكىلىق ۋە گېئوئىقتىسادىي ساھەلەردە ھەمكارلىق ئورنىتىشقا ئاساس تەييارلىنىشى لازىم. ئەڭ مۇھىمى، مىسىر ئۆزىنىڭ خىتاينىڭ ئافرىقا سىياسىتىدە ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم نوقتا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتەلىشى كېرەك. مۇھەممەد مۇرسىمۇ خىتاي زىيارىتىدە، مۇ مەسىلىنى تەكىتلىگەن، خىتاي مەتبۇئاتلىرىمۇ بۇ نۇقتىنى ئەسكەرتكەن ئىدى.[82] ئەمما، خىتاينىڭ ئافرىقا سىياسىتى دائىم مىسىرنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولىۋەرمەسلىكى مۇمكىن. مەسىلەن، خىتاينىڭ سۇدان ۋە ئېفىيوپىيەدە يەر سېتىۋېلىشقا ئوخشاش سودا پائالىيەتلىرى مىسىرنىڭ سۇ مەنبەلىرىگە زىيان بەرمەكتە.[83] يەنە بىر تەرەپتىن، مىسىرنىڭ خىتاينىڭ ئافرىقا سىياسىتىدە ئارقا سەپ بولۇش رولى ئامېرىكا ۋە تۈركىيە قاتارلىق ئافرىقىغا نىسبەتەن ئېچىلىش سىياسىتى يولغا قويۇۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قىلىشى مۇمكىن.

خىتاينىڭ مىسىر ۋە مىسىرنىڭ رايوندىكى تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى توسۇش ئارزۇسى بار. ئەمما، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى تېخى مىسىرنىڭ كۈنتەرتىپىدىن ئورۇن ئالمىغانلىقى ئۈچۈن خىتاينىڭ بۇ ئارزۇسى مەلۇم سەۋىيەگە يەتكەندە ئاندىن نەتىجە بېرىشى مۇمكىن. ئەگەر مۇھەممەد مۇرسى ھۆكۈمىتى مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ پىرىنسىپى ۋە ئىسلامنىڭ تەلىپى بويىچە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ شەرقىدىكى رايوندا ياشايدىغان شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا ياردەم بەرگەن بولسا، خىتاي – مىسىر مۇناسىۋىتى زىيانغا

(82) 〈埃及要为中企投资非洲提供后勤服务〉，《东方早报》第A16版，2012年8月30日.

(83) Matthew Kahn, "For Egypt, China is threatening the Nile", The Christian Science Monitor, June 4, 2011.

www.uygurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۇچرىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ سەۋەبتىن مۇرسى ھۆكۈمىتىنىڭ غەرب بىلەن بۇزۇلغان مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆز پىرىنسىپى رامكىسىدا داۋاملاشتۇرۇش ۋە رايون خاراكتېرلىك ھەمدە دۇنياۋى سىياسىي تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ئۈچۈن خىتاي بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشى ئۆز مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلەتتى. يەنە كېلىپ خىتايدىن پۇل – مۇئامىلە ۋە تېخنىكىلىق ياردەم ئېلىپ، دۆلەت ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرالايتتى. شۇڭلاشقا مۇرسى ھۆكۈمىتىنىڭ مىسىر – خىتاي مۇناسىۋىتىدە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە ئورۇن بەرمەسلىكى توغرا تاللاش ھېسابلىنىدۇ.

## 3– بۆلۈم: مىسىردا ھەربىي ئۆزگىرىش ۋە خىتاينىڭ ئىنكاسى

### 1-خىتاي مىسىر ئارمىيەسىنىڭ مۇرسى ھۆكۈمىتىنى تارقىتىۋېتىشىنى «ھەربىي ئۆزگىرىش» دەپ ئاتىمىدى

خىتاي مىسىردا ھەربىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى 2013 - يىلى 1 – ئىيۇلدا سابىق پرېزىدېنت مۇھەممەد مۇرسىغا قارشى قاھىرەدە ئۆتكۈزۈلگەن كەڭ كۆلەملىك نامايىشلار ھەققىدە مۇنداق بايانات ئېلان قىلدۇ: «مىسىرنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىنى يېقىندىن كۆزەتمەكتىمىز، مىسىردىكى مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنىڭ سىياسىي دىيالوگ يولى بىلەن ئوتتۇرىدىكى كېلىشمەسلىكلەرنى ھەل قىلىشىنى قوللايمىز. مىسىر ھۆكۈمىتى كىشىلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن يىراق تۇرۇشى ۋە ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.[84]»

ھەربىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، مىسىر ئارمىيەسى تەرىپىدىن 4 – ئىيۇلدا مەۋجۇت ئاساسىي قانۇننى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، پرېزىدېنتلىق سايلىمىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈش، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇش ۋە مىسىر ئاساسىي قانۇن مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىنى ۋاقىتلىق پرېزىدېنت قىلىپ بېكىتىش قارارى ئېلان قىلىنغاندا، «خىتاي مىسىر ۋەزىيىتىدىن قاتتىق ئەندىشە ھېس قىلماقتا، خىتاي مىسىر خەلقىنىڭ سىياسىي تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىدۇ. مىسىردىكى مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر زوراۋانلىقتىن يىراق تۇرۇشى، ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە دىيالوگ ۋە ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىش يولى بىلەن ئوتتۇرىدىكى چۈشەنمەسلىكلەرنى ھەل قىلىشى، جەمئىيەت تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم. خىتاي – مىسىردىن

(84) 〈2013年7月1日外交部发言人华春莹主持例行记者会〉, 中华人民共和国外交部网站, 2013年7月1日.

ئىبارەت ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرى ھېچقاچان ئۆزگەرمەيدۇ» دەپ بايانات ئېلان قىلىدۇ.[85]

مىسىرنىڭ ۋاقىتلىق پرېزىدېنتى ئەدلى مانسۇر 8 – ئىيۇل ئۆتكۈنچى ئاساسىي قانۇننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاساسىي قانۇن رېفېراندۇمى ئېلىپ بېرىپ، پارلامېنت ۋە پرېزىدېنتلىق سايلىمى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇ كۈنى قاھىرە ساقچىلىرى بىلەن مۇرسى تەرەپدارلىرى ئارىسىدا قوراللىق توقۇنۇش پارتلاپ، يۈزدىن ئارتۇق ئادەم يارىلىنىپ، ئونلارچە ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلدى. بۇ ئۆزگىرىشلەرگە قارىتا، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى خۇا چۈنيىڭ 9 – ئىيۇل مىسىر ۋەزىيىتىنى دىققەت ئىچىدە كۆزىتىۋاتقانلىقلىرىنى ئەسكەرتىپ: «خىتاي مىسىردىكى ئۆزگىرىشلەرگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلمەكتە. مىسىردىكى تەرەپلەر زوراۋانلىقلاردىن، توقۇنۇشلاردىن ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن يىراق تۇرۇپ، دىيالوگ ۋە مەسلىھەتلىشىش يولى بىلەن چۈشىنىلمەسلىكلەرنى ھەل قىلىشى كېرەك. قانۇنى تەرتىپ ئورنىتىلىشى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقى ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى كېرەك[86] » دەپ بايانات ئېلان قىلدى.

خىتاي ھۆكۈمىتى 9 – ئىيۇلدىن 25 – ئىيۇلغىچە مىسىردىكى ئۆزگىرىشلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق بايانات ئېلان قىلمىدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نەزىرىدە، مىسىر ئارمىيەسىنىڭ سابىق پرېزىدېنت مۇرسىغا قىلغىنى ھەربىي ئۆزگىرىش ئەمەس. ئوچۇقنى ئېيتقاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى مىسىردىكى ئۆزگىرىشلەرنى «خەلق ئىنقىلابى» سۈپىتىدە كۆرىدۇ، شۇڭا «مىسىر خەلقىنىڭ سىياسىي تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقلىرى» شەكلىدە باياناتلار ئېلان قىلىدۇ. باياناتلىرىدا بولسا، تەرەپلەرنى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، بىرلىكتە سىياسىي تەرتىپ ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، خىتاي ھۆكۈمىتى قاھىرەدە نېمە ئىش بولسا بولسۇن ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنىڭ تۈرتكىسىدە مىسىرنىڭ خىتاي بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغانلىقىدىن خاتىرجەم ئىدى.

خىتاينىڭ رەسمىي تاراتقۇلىرى مىسىر ئارمىيەسىنىڭ ۋەزىيەتكە ئارىلىششىنى

(85) 〈2013年7月4日外交部发言人华春莹主持例行记者会〉， 中华人民共和国外交部网站， 2013年7月4日.

(86) 〈2013年7月9日外交部发言人华春莹主持例行记者会〉， 中华人民共和国外交部网站， 2013年7月9日.

www.uyghurkitap.com



«ھەربىي ئۆزگىرىش» دەپ باقمىدى. خوڭكوڭدا چىقىدىغان «تا كۇڭباۋ گېزىتى» نىڭ ئانالىزچىسى مۇ چۈنشەن بۇ ئەھۋالنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «مىسىردىكى ھەربىي ئۆزگىرىش ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىرىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. ئەگەر سىېكۇلار كۈچلەر ھاكىمىيەت بېشىغا چىقسا، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋەتلىرى بۇرۇنقىدىنمۇ مۇستەھكەملىنىشى مۇمكىن. مەسىلىلەرگە ئوبيېكتىپ نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا، مۇرسى پرېزىدېنتلىققا سايلىنىپ ئىككى ئاي ئۆتكەندە بىرىنچى بولۇپ خىتاينى زىيارەت قىلغان ئىدى. بۇ مۇھەممەد مۇرسى ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ مىسىر – خىتاي مۇناسىۋەتلىرىنى ئىجابىي شەكىلدە تەرەققىي قىلدۇرۇش نىيىتىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئىدى. ئەمما، بەزى خەلقئارالىق مەسىلىلەردە مۇرسى بىلەن مۇبارەكنىڭ خىتايغا تۇتقان پوزىتسىيەسى ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى خىتاينىڭ ب د ت دا سۈرىيە مەسىلىسىدە رەت قىلىش ھوقۇقىنى قوللانغانلىقىدىن بىئارام بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. خىتاي – مىسىر ئىككى دۆلەت ئارىسىدا بىۋاستە مەنپەئەت توقۇنۇشى بولمىسىمۇ، مىسىر رايونلۇق مەسىلىلەردە پىكىر پەرقىگە ئىگە بولۇپ، ئىنقىلابتىن بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ. خىتاي بولسا، مىسىرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا نىسبەتەن يىراق تۇرىدۇ ۋە بارلىق سىياسىي كۈچلەر بىلەن ئالاقىسىنى ساقلاپ قالىدۇ. خىتاينىڭ مەنپەئەتلىرى مىسىرنىڭ ھەر سىياسىي باسقۇچلىرىدا مۇھىم تەسىرگە ئىگە ئەمەس. بىراق، مىسىردا داۋالغۇشلار ئۈزۈلمىچە داۋام قىلسا، خىتاينىڭ بۇ دۆلەتكە سالغان مەبلەغلىرى خىرىسقا دۇچ كېلىشى مۇمكىن.[87] »

خىتاينىڭ رەسمىي تاراتقۇلىرىدا مىسىردىكى ئۆزگىرىشلەر «ھەربىي ئۆزگىرىش» دېيىلمىسىمۇ، بەزى گېزىت ۋە ئىنتېرنېت تور بەتلىرىدە ھەربىي ئۆزگىرىش (جېبك بىيەن) سۆزى قوللىنىلدى.[88] بەزى مەتبۇئاتلاردا، «چەكلەش»، «ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىش»، «ئەۋەتىۋېتىش» ۋە «قوغلىۋېتىش» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە «باچۇ»

(87) 木春山，〈十問埃及亂局：軍方為何權力大中國利益怎維護〉，《大公網》，2013年07月04日 09:35:06.

(88) 宗禾，〈埃及即將上演軍事政變?〉，《羊城晚報》第A09G版，2013年07月03日；齊瀟涵，〈埃及總統藐視軍方政變威脅美被指或支持政變〉，《環球時報》，2013年07月03日 07:46；嚴震生，〈美國默許下的埃及軍事政變〉，《聯合新聞網》第199期，2013年07月05日；〈埃及軍方政變莫爾西被軟禁在國防部可能面臨指控〉，《北京晚報》，2013年07月05日 00:00；杜平，〈埃及軍事政變，一夜回到革命前〉，《鳳凰衛視》，2013年07月05日 10:43；〈埃軍方政變華府疑默許〉，《明報》2013年7月4日；黎小燕，〈埃及政變給港人上課〉，《大公網》，2013年07月05日04:10:13；〈社評：政變是混亂埃及的總結和新起點〉，《環球時報》2013年07月05日 02:35；

سۆزى قوللىنىلدى.[89] بۇنىڭدىن خىتاي تاراتقۇلىرىنىڭ مىسىر ئارمىيەسىنىڭ ۋەزىيەتكە قول تىقىشىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. بەزى خىتاي تاراتقۇلىرىدا بولسا، ھەربىي ئۆزگىرىشكە «مۇرسىنىڭ تەقدىرى» سۈپىتىدە باھا بېرىلدى.[90]

ئامېرىكىدا «مىسىر دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ۋە ئىشتاب باشلىقى سىسىنىڭ ھەربىي ئۆزگىرىش قوزغىشى ئىنقىلابمۇ ياكى ھەربىي ئۆزگىرىشمۇ؟ دېموكراتىيەنىڭ نەتىجىسىمۇ ياكى بولمىسا دېموكراتىيەنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىمۇ؟» دېگەن مۇنازىرىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. ئامېرىكىلىقلارنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، ئىلمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا «ئىنقىلاب» ياكى «ھەربىي ئۆزگىرىش» دېگەن بۇ ئىككى ئاتالغۇ مىسىردىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئىزاھلىيالمايدۇ. يەنى، مىسىردا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر بۇلارنىڭ ھەممىسى بولۇپ، ھەم ئىنقىلاب، ھەم ھەربىي ئۆزگىرىش، ھەم دېموكراتىيەنىڭ نەتىجىسى ھەمدە دېموكراتىيەنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىدۇر.[91]

ئامېرىكىمۇ مىسىر ئارمىيەسىنىڭ ۋەزىيەتكە ئارىلىششىنى «ھەربىي ئۆزگىرىش» دەپ ئاتىمىدى. پرېزىدېنت باراك ئوباما نۇتقىدا، «ھەربىي ئۆزگىرىش» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتمەسلىككە ئالاھىدە دىققەت قىلدى.[92] بۇنىڭ سەۋەبى، ئامېرىكىنىڭ مىسىرغا ھەر يىلى 1.5 مىليارد دوللار (بۇنىڭ 1.3 مىلياردلىق قىسمى ھەربىي ياردەم) ياردەم قىلىۋاتقانلىقى بولۇپ، ئامېرىكا قانۇنىغا ئاساسلانغاندا ھەربىي ئۆزگىرىش قوزغىغان ھاكىمىيەتلەرگە ئىقتىسادىي ياردەم قىلىنمايدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئامېرىكا – مىسىر مۇناسىۋەتلىرى زىيانغا ئۇچرايدۇ. يەنە بىر سەۋەب بولسا، ئىسلامنىڭ يولۋىسى

(89) 常鳴,<評埃及政變:莫爾西被罷免幾家歡喜幾家愁?>,《財訊》,2013年07月05日11:52; <埃及軍方罷黜莫爾西英國外交大臣:「危險的先例」>,《國際在線》, 2013年07月05日15:35:59; 鄭文鳳, <埃及軍方罷黜總統獲支持美國表態左右為難>,《環球網》, 2013年07月04日16:00; 黃培昭, <埃及軍方深夜罷黜民選總統奧巴馬表態小心翼翼>, 《環球時報》, 2013年07月05日04:25;李洋, <埃及軍方罷黜總統潘基文籲儘快恢復文官統治>,《中國新聞網》, 2013年07月04日 10:59; 方曉, <埃及軍方罷黜莫爾西, 臨時總統宣誓就職贊軍隊是「國家良心」>, 《解放日報》, 2013年07月05日08:19.

(90) <「苦命」莫爾西:其興也勃焉其亡也忽焉>,《中國新聞週刊網》,2013年07月09日17:02:36.

(91) Max Fisher, “Is what happened in Egypt a coupor a revolution? It’sboth”, The Washington Post, July 3, 2013 at 4:52pm; Joshua Keating, “Can a Coup Ever Be Democratic?”, Foreign Policy, July 3, 2013 - 12:52 PM;

(92) Barack Obama, “Statement by President Barack Obama on Egypt”, The White House Office of the Press Secretary, July 03, 2013.

www.uyghurkitap.com



بولغان سىياسىي كۆچلەرگە بولغان سەلبىي قاراشلارنىڭ تەسىرىدۇر. بۇ غەربنىڭ ئىسلامدىن قورقۇش پسىخىكىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ تاشقى ئىشلار كومىتېتى باشلىقى ئېدرويىس، پرېزىدېنت ئوبامانىڭ باياتىنى قوللايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، مۇرسىنى «مىسىرنىڭ ئاساسىي قانۇنىدىكى دېموكراتىيە تەلەپلىرىگە توسقۇنلۇق قىلغان كىشى» دەپ تەنقىد قىلىدۇ.[93] مىسىردىكى ھەربىي ئۆزگىرىشكە ئىجابىي قارىغان ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىنىڭ ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئەزاسى جېيمىس ئىنخوف، ئارمىيە «تىنچلىق ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىپتۇ» دەيدۇ ۋە ئارمىيەنى خەلققە ياردەم قىلىپ، ھاكىمىيەتنى قولغا ئالدى دەپ ماختايدۇ.[94] جېيمىس ئىنخوف، مۇھەممەد مۇرسىغا «دۈشمەن» دەپ باھا بېرىپ، ئۇنىڭ ئاللىبۇرۇن كاپىتېل بىناسى (Capitol Hill ۋاشىنگتوندىكى ئامېرىكا كونگرە بىناسى، تەرجىماندىن) ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.[95]

بەزى ئامېرىكا مۇتەخەسسىسلىرى يازغان ماقالىلىرىدە، ۋاشىنگتوننىڭ مۇرسى-نىڭ ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىشىنى ۋە ئىقتىسادىي ئىسلاھاتقا قارشى پوزىتسىيەسىنى نەزەردىن ساقىت قىلغانلىقىنى، بۇنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى ئەڭ دەھشەتلىك دىپلوماتىيە مەغلۇبىيىتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، ۋاشىنگتوننى ئىسلامچى دىكتاتورنىڭ شېرىكى بولۇش ۋە دېموكراتىيەنى قوللايدىغان ئۆكتىچىلەرگە دۈشمەن بولۇش بىلەن ئەيىبلەيدۇ.[96] يەنە بەزى مۇتەخەسسىسلەر، مىسىردا ھەربىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن كۈننىڭ، ئامېرىكا مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن كۈنگە توغرا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، بۇ كۈننىڭ «مىسىر خەلقىنىڭ ئۆز تارىخىنى ئۆزى يازغان كۈنى» ئىكەنلىكىنى ۋە «ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرقنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى» دېگەن سۆز - چۆچەكلەرنى تارقاتقان سۇيىقەستچىلەرنىڭ بۇ قېتىم خاتالاشقانلىقىنى، پرېزىدېنت ئوبامانىڭ بۇ نۆۋەت ئەڭ ئارقا رەتتە ئولتۇرغان يولۇچى ئىكەنلىكىنى

(93) "Chairman Royce Statement on Removal of Mohamed Morsi as Egypt's President", House Committee on Foreign Affairs, Jul 3, 2013.

(94) Ernesto Londoño, "Obama: U.S. 'deeply concerned' about Egyptian military's ouster of president", The Washington Post, July 4, 2013.

(95) Matt Fuller, "Egypt Coup Threatens $1.5 Billion in U.S. Aid", Roll Call, July 3, 2013.

(96) TedCruz, "Our Friend in Cairo: Whydoes President Barack Obama persist in supporting Mohamed Morsy -- and not the protesters"?,Foreign Policy, July 3, 2013.

ئىلگىرى سۈردى.[97]

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، ئامېرىكا تاراتقۇلىرىنىڭ مىسىردىكى ئۆزگىرىشلەرنى «ھەربىي ئۆزگىرىش» دەپ ئاتىشى ناھايىتى تەس.[98] يەنە بىر خىل ئەھۋال بولسا، مىسىردىكى ھەربىي ئۆزگىرىشنى ئۆزگەرتىپ ياكى ئۇقۇمنى ئاجىزلىتىپ، «ھەربىي ئۆزگىرىش ئەمەس» دېگەن خۇلاسىگە كېلىش مەسىلىسىدۇر. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ بەزى مۇتەخەسسىسلىرى مىسىردىكى ئۆزگىرىشلەرنى «ھەربىي ئۆزگىرىش» دەپ قوبۇل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ھەربىي ئۆزگىرىشنىڭ خەلقنىڭ ياردىمى بىلەن ئىشقا ئاشقانلىقىنى[99] ئىلگىرى سۈردى. يەنە بەزىلىرى بولسا، خەلقنىڭ ئىرادىسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.[100] ئامېرىكىنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان سىياسىي ئانالىزچىسى فىرىد زاكارىيا، مۇرسىنى نېلسون ماندېلا بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ماندېلانىڭ ھەممىگە قۇچاق ئاچقان بىرى ئىكەنلىكىنى، ئەمما مۇرسىنىڭ بۇنداق ئەمەسلىكىنى، مۇرسىنىڭ ماندېلانىڭ مۇرتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن مىسىرنىڭ دېموكراتىيەلىشىش يولىنىڭ تېخىمۇ قىيىن بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.[101]

ئەلۋەتتە، مىسىردا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى «ھەربىي ئۆزگىرىش» دەپ ئاتىغان بەزى غەرب مەتبۇئاتلىرىمۇ بار[102] بولۇپ، مىسىردا مىليونلارچە كىشىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرەلىگەن بولسا، ھەربىي كۈچكە ئېھتىياج چۈشمەيتتى،[103] دېگەن قاراشلارنى ئىلگىرى سۈردى.

خىتاينىڭ مىسىردىكى ئۆزگىرىشلەرنى «ھەربىي ئۆزگىرىش» دېمەسلىكىنىڭ سەۋەبى ئامېرىكىغا ئوخشمايدۇ. خىتاينىڭ مىسىر بىلەن ھەربىي ئىستراتېگىيە ھەمكارلىقى يوق. خىتاي تاراتقۇلىرىدا، ئىسلامدىن قورقۇش پسىخىكىسى ئۈچۈق

(97) David Ignatius, “People power risesagain” The Washington Post, July 03, 2013.

(98) Peter Hart, “Can the NYT Call a Coup a Coup?”, FAIR (Fairness & Accuracy In Reporting), July 05 2013.

(99) Sara Khorshid, “A Coup, but Backed by the People”, The New York Times, July 4, 2013. “Egypt’scoup: Thesecond time around”, The Economist, Jul 6th 2013.

(100) Amira Nowaira, “This is not a coup, but thewill of Egypt’s people”, The Guardian, 4 July 2013.

(101) Fareed Zakaria, “Egypt’s lost opportunity”, The Washington Post, July 03, 2013.

(102) Nathan J. Brown, “After the Egyptian Coup”, Carnegie Endowmentf or International Peace, July 4, 2013;

(103) Editoril, “Egypt’s army is not democracy’s guide”, The Financial Times, July 4, 2013 6:13pm.

تىلغا ئېلىنمىسىمۇ، مۇرسىنىڭ تەختتىن چۈشۈرۈلۈشىگە مۇناسىۋەتلىك ئانالىزلىرىدا ئىسلامچى ھاكىمىيەتنىڭ ئۆز خەلقى ۋە باشقا دۆلەتلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.(104) بۇنىڭغا، شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ۋە مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ پىكىر مەنبەسىنى پانئىسلامىزم ھەمدە پانتۈركىسىزمغا باغلاپ چۈشەندۈرۈش خاھىشلىرىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. يەنە بىر جەھەتتىن، سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەتنىڭ دىنغا قارشى بولغان ئالاھىدىلىكىمۇ مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، خىتاي ئىسلامىي ئارقا كۆرۈنۈشى بولغان ھاكىمىيەتكە بىتەرەپ قارايدۇ. چۈنكى خىتاينىڭ تاشقى سىياستى تۈركىيەگە ئوخشاش پىرىنسىپ ۋە قىممەت ئۆلچەملىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولماستىن، پۈتۈنلەي مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر.

خىتاينىڭ ماۋزېدۇڭدىن كېيىنكى رەھبىرى دېڭ شياۋپىڭ 1978 - يىلى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە 1987 - يىلى قوبۇل قىلىنغان خىتاينىڭ ئۈچ باسقۇچلۇق تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى (1987 –2030) دە، دۆلەت ئىچىدە مۇقىملىق، دۆلەت سىرتىدا بولسا، تىنچلىق مۇھىتى يارىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۈچ باسقۇچلۇق تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنىڭ تەلپى بويىچە، ئىچكى سىياسەتتە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، تاشقى سىياسەتتە رايونلۇق ۋە دۇنيا خاراكتېرلىك تىنچلىق مۇھىتىنى بەرپا قىلىش خىتاينىڭ ۋەزىپىسى ھېسابلىنىدۇ. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 16 - قۇرۇلتىيىدا، بۇ سىياسەتنىڭ 2025 - يىلىغىچە داۋاملاشتۇرۇلىدىغانلىقى؛ بۇنىڭدىن كېيىن، بولۇپمۇ خەلقئارالىق مۇھىتنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك بولىدىغانلىقى ۋە خىتاينىڭ خەلقئارالىق مەنپەئەتلىرىگە ئېغىر زىيان سالىدىغان سەلبىي مۇھىتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش مۇمكىنلىكى پەرەز قىلىنغان ئىدى. خىتاي ئۈچۈن ئېيتقاندا، 2025 - يىلىغىچە بولغان ۋاقىت ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەتلەرگە تولغان دەۋردۇر. خىتاي ھۆكۈمىتى پۇرسەتلەرگە تولغان دەۋردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ھەربىي زامانىۋىلىشىشنى تېزلەشتۈرۈپ، تاشقى سىياسەتتە بۇ مەنپەئەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولمىغان رايونلۇق ۋە دۇنياۋى خاراكتېرلىك ۋەقەلەر ھەمدە ئۆزگىرىشلەردىن يىراق تۇرىدۇ. قىسقىسى، خىتاينىڭ مىسىردىكى ۋەقەلەردىن يىراق تۇرۇشى ۋە قانداق ھاكىمىيەت بولۇشىدىن

(104) 鐘子娟, <埃及「積重難返」, 莫爾西「回天乏術」>, 《新聞晨報》, 2013年7月5日 A29.

قەتئىينەزەر «ھەممىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىلىدۇ» دېيىشىنىڭ سەۋەبى بۇنىڭدىن كېلىپ چىقماقتا. يەنە بىر سەۋەب بولسا، خىتاينىڭ رۇسىيە بىلەن بولغان ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق شېرىكلىك مۇناسىۋىتىنىڭ تەسىرى بولۇپ، رۇسىيە بىلەن ئوخشاش پوزىتسىيەنى نامايەن قىلماقتا.

**بىرىنچى گۇناھ دېموكراتىيەدە**

دېموكراتىيە بىلەن كىشىلىك ھوقۇق ئامېرىكىنىڭ خەۋپسىزلىك ۋە پاراۋانلىقتىن كېيىن تۇرىدىغان ئۈچىنچى دۆلەت مەنپەئەتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئامېرىكا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان دۇنيادا دېموكراتىيەنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەربىي كۈچنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ كەلدى. ئامېرىكىنىڭ تېررورلۇق تىزىملىكىدىن ئورۇن ئالغان لىۋاندىكى ھىزبۇللاھ تەشكىلاتىنىڭ سايلام ئارقىلىق پارلامېنتقا كىرىشى بىلەن، ئامېرىكا قاتارلىق دېموكراتىيەنى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي خاراكتېرلىك قىممەت ئۆلچىمى ھېسابلايدىغان غەرب دۆلەتلىرى ئويلىنىشقا باشلىدى. بەزى ئىسلام ۋە مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىمۇ ئىسلامىي كىملىككە ئىگە پارتىيەلەرنىڭ دېموكراتىيە يولى ئارقىلىق ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىش ئەھۋاللىرىنىڭ كۆپىيىشى، غەرب دۆلەتلىرىنى دېموكراتىيە ئۇقۇمىنى قايتىدىن كۆزدىن كەچۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى. مىسىردا مۇرسى سايلام بىلەن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان مۇرسى ھاكىمىيىتىنىڭ ئاز ساندىكى «خەلق»نىڭ ياردىمى ئالغان ئەسكەرلەرنىڭ ئېلىپ بارغان ھەربىي ئىنقىلابى نەتىجىسىدە ئۆرۈلۈپ تاشلىنىشى، غەرپلىكلەرنىڭ مۇستەبىت دۆلەتلەر ۋە بەزى ھاكىممۇتلەق تۈزۈمدىكى دۆلەتلەردىكى خۇشال-خوراملىق غەرب دۆلەتلىرىنىڭ، خەلقنىڭ بىر قىسمىنىڭ قوللىشى بىلەن ئىشقا ئاشقان ھەربىي ئۆزگىرىشكە قارشى مەيدانى ۋە دېموكراتىيە ئۇقۇمىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. غەرب دۆلەتلىرى مىسىر دېموكراتچىلىرىنىڭ دېموكراتىيەلىشىش باسقۇچىنى، دېموكراتىيە بىلەن قارىمۇ قارشى كېلىپ قالغانلىقى دەپ ئانالىز قىلدى.[105] غەرب دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي ئانالىزچىلىرى مىسىردا دېموكراتىيەنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا گۇمان بىلەن قاراۋاتقان بولۇپ، ئامېرىكا ئانالىزچىسى ۋولتېر رۇسسېل مېئاد ئاقسارايىنىڭ مىسىرنىڭ قىسقا ياكى ئوتتۇرا مەزگىلدە دېموكراتىيەلىشىشى ئۈمىدىدە بولماسلىقى

(105) Jackson Diehl, "Egypt's 'democrats' abandon democracy", The Washington Post, July 22 2013.

www.uyghurkitap.com



كېرەكلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.[106] خىتاي تاراتقۇلىرىدا بولسا، مىسىر ۋەقەلىرى ئامېرىكىنىڭ دېموكراتىيە چۈمپەردىسىنى ئېچىپ تاشلىدى، دېگەندەك ئانالىزلار ئېلان قىلىندى. خىتاي ئانالىزچىلىرىنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، مىسىر ۋەقەلىرىدە ئامېرىكىنىڭ ئۆزىنىڭ دېموكراتىيە پرىنسىپىغا خىلاپ ھەرىكەت قىلىشىدىكى سەۋەب، دېموكراتىك ئۇسۇللار بىلەن سايلانغان ھۆكۈمەت ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ماسلاشمىغانلىقىدۇر. شۇڭا ئامېرىكا مۇرسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىغا كۆز يۇمدى. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، دېموكراتىيە ئامېرىكىنىڭ ئۆز مەنپەئەتلىرىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرىدىغان ۋاستىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.[107] بەزى غەربلىك ئانالىزچىلارنىڭ قارىشىچە، مىسىردىكى ھەربىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن، ئىسلامچىلارنىڭ دېموكراتىيەگە ئىشىنىشىنىڭ قىيىنلىشىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.[108]

خىتاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى غەربىي ئاسىيا – ئافرىقا تەتقىقاتلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى خې ۋېنپىڭ، مىسىر خەلقىنىڭ كونا ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇشتا ئوخشاش قاراشقا ئىگەنلىكىنى، ئەمما يېڭى يولنى تاللىغاندا بىرلىشىپ ئىتتىپاقلىقنى ئىشقا ئاشۇرالمىغانلىقىنى؛ دەل ئەكسىچە، ئايىغى چىقمايدىغان ھوقۇق كۈرىشى ئىچىگە كىرىپ قالغانلىقىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە، مىسىردا يۈز بەرگەن غايەت زور سىياسىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش، ئاخىرىدا ئارمىيەنىڭ دېموكراتىيە ئۇسۇلى بولمىغان «ھەربىي ئۆزگىرىش» قوزغاپ، مىسىرنى دېموكراتىيە يولىغا كىرگۈزۈش ئۈمىدىنى پەيدا قىلدى. بىراق ئوخشاشلا، يېڭى مىسىر رەھبىرىنىڭ چوقۇم دېموكراتىيە يولىدا ماڭىدىغانلىقىغا كىم كاپالەتلىك قىلالايدۇ، دېگەن گۇماننىمۇ ئاشكارىلاپ قويىدى.[109]

غەربلىك ئانالىزچىلار مىسىردا يېقىنقى ئىككى يىلدىن بېرى يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە قاراپ، مىسىرلىقلارنىڭ ھەم ئەركىنلىك ھەمدە دېموكراتىيەگە بىرلا ۋاقىتتا ئىگە بولالىشىنى تەس،[110] دەپ قارىدى. ئۇلارنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، سوت،

(106) Carol Giacomo, “Is Democracy Possible in Egypt?”, The New York Times, July 13, 2013.

(107) 張紅, 〈埃及變局, 撕裂美國「民主」面紗〉, 《人民日報海外版》2013年07月09日第06 版.

(108) David D. Kırkpatrick and Ben Hubbard, “For Islamists, Dire Lessons on Politics and Power”, The New York Times, July 4, 2013.

(109) 賀文萍, 〈埃及民主化遭遇逆轉還是重回正軌〉, 《中國網》, 2013年07月09日.

(110) Samer S. Shehata, “In Egypt, Democrats vs. Liberals”, The New York Times, July 2,

سايلام ۋە مائارىپ سىستېمىلىرىدا جەمئىيەت ئىنتىپاقلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇ دۆلەتنىڭ تەرتىپىنى ئورناتقىلى، شۇنداقلا ھەر بىر پۇقرانىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىشى، دىكتاتورلۇق بېسىمىدىن قۇتۇلۇشى ۋە بۇنى ئۆزۈن مۇددەتكىچە كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئارقىلىق ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.[111] غەربنىڭ قارىشىچە بولغاندا، بۇلار دېموكراتىيە باسقۇچلىرى بىلەن قەدەممۇ قەدەم ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن. خىتاي مۇتەخەسسىلىرى بولسا، دېموكراتىك بولمىغان تۈزۈملەرمۇ بۇلارنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ، دەپ قارايدۇ.

خىتاي تەتقىقاتچىلىرى دۇنيادا ھەممە جايغا ئۇيغۇن كېلىدىغان دېموكراتىيە بولمىغانلىقى ئۈچۈن دېموكراتىيەنىڭ دۇنياۋىيلىققا ئىگە ئالاھىدىلىكىدىن گۇمان قىلىدۇ ۋە: «ھەر دۆلەت ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۆزىنىڭ يولىنى تاللاش ئارقىلىق تىنچلىقنى، مۇقىملىقنى، پاراۋانلىق ۋە تەرەققىياتنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايدۇ» دەيدۇ. خۇلاسە قىلغاندا، خىتاي تەتقىقاتچىلىرى غەرب دۆلەتلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «مىسىر ۋەقەلىرى ئۈستىدە جىددىي ئويلىنىش لازىم. ھەر پۇرسەتتە باشقا دۆلەتلەرنىڭ كەمچىلىكىنى تېپىشقا ئۇرۇنماسلىق ۋە ئازىراق بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ئېتىبارىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك» دەپ پىكىر بايان قىلىدۇ.[112]

خىتاي تەتقىقاتچىلىرى، مىسىر مۇبارەكنىڭ تەختتىن چۈشۈرۈلۈشى بىلەن چوڭ زىيان تارتتى دەپ قارايدۇ ۋە بۇ پىكىرنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «سايلام ئۆتكۈزۈلدى، ئەركىنلىك قولغا كەلدى، پرېزىدېنت سايلاندى. ئەمما، دېموكراتىيە يوقالدى، تەرتىپ يوقالدى، جەمئىيەت تىنچلىقى يوقالدى، تەرەققىياتمۇ يوقالدى. تەھرىر مەيدانىدا كۆرۈنگەن نۇرلار پارلاق، بىراق مىسىرنىڭ يېقىندىن قۇرۇلۇشى ئىچى قۇرۇق ھالدا داۋاملاشماقتا. مىسىرنىڭ يېقىنقى ئىككى يىلدا يوقاتقىنىمۇ ئوخشاشلا مۇرسىنىڭ مەغلۇبىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ سايلام ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن قانۇنىي نوپۇزى بىلەن ھاكىمىيەتنىڭ نوپۇزىنى تىكلىيەلمىدى. دىنىي، سېكۇلار ۋە مەۋجۇت مەنپەئەتنى چىقىش قىلغان گۇرۇپپىلار ئارىسىدا كېلىشتۈرۈش يولىنى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ قايتىدىن ئورنىتىلىشى ۋە پۈتۈن خەلقنىڭ

---

2013.

(111) Carol Giacomo, “Is Democracy Possible in Egypt?”, The New York Times, July 13, 2013.

(112) 吳定平，〈新華網評： 埃及局勢動盪挖了「西方民主」牆角〉，《新華網》2013年07月04日 12:03:24

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەنپەئەتلىرىگە جاۋاب بېرىدىغان رېتسىپنى تاپالمىدى. مىسىرنىڭ يېقىنقى ئىككى يىلى دېموكراتىيەنىڭمۇ يوقىلىشىدۇر. كونا تۈزۈمنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى دېموكراتىيە ئۇقۇمىنى ئېلىپ كەلدى. ئەمما، دېموكراتىيەنىڭ غايىلىرىنى ئېلىپ كېلەلمىدى. مەنپەئەت كۈرىشى ۋە دېموكراتىيە بىلەن سايلامنىڭ شەكلى ھەمدە رامكىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى. بۇنىڭ داۋامى دېموكراتىيەنىڭ نەزىرىدە ئەسلىدىلا ناھايىتى ئاجىز بولغان دېموكراتىيەنى ئايىغى چىقماس خالتا كوچىغا تىقىپ قويدى. ھەممىدىن بەك يامان بولغىنى، ھەربىي ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە ۋەزىيەت كونترول ئاستىغا ئېلىنالىغان بولسىمۇ، بۇ باستۇرۇپ داۋالاش ئۇسۇلىدۇر. ھەربىي ئۆزگىرىشتىن سۆيۈنۈپ كەتكەن بىر قىسىم مىسىر خەلقىمۇ ھەددىدىن زىيادە ھاياجانلىنىش كېسىلىگە گىرىپتار بولدى. چۈنكى ھەربىي ئۆزگىرىش دېموكراتىيەنىڭ چېكىنىشى دېمەكتۇر. ھەربىي كۈچلەر پەقەت مەۋجۇت توقۇنۇشنى باستۇرالىشى مۇمكىن، ئەمما دىنىي كۈچلەر بىلەن سېكۇلار كۈچلەرنىڭ ئارىسىدىكى توقۇنۇشنى يوقىتالمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن، مىسىردا چالا پىشقان دېموكراتىيەنىڭ سانجىقى داۋاملىشىدۇ. تەھرىر مەيدانىدىكى قالايمىقانچىلىق، ئۈمىدنى يوقاتقان مىسىرنىڭ بىچارە ۋە مۇرەككەپ تۈيغۇسىنىڭ بىر پارچىسىدۇر.[113]»

## 4 ـ بۆلۈم: ئادەۋىييە مەيدانىدىكى قەتلىئام ۋە خىتاينىڭ پوزىتسىيەسى

### 1 ـ قەتلىئامغا بولغان نارازىلىقلار

2013 – يىلى 14 – ئاۋغۇست ھەربىي ئۆزگىرىش ئارقىلىق ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان مىسىر ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى مۇھەممەد مۇرسى تەرەپدارلىرىنى قەتلىئام قىلىپ بىر كۈن ئۆتكەندە، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى خۇڭ لېي بېيجىڭنىڭ بۇ ۋەقەلەر ھەققىدىكى مەيداننى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «خىتاي ھۆكۈمىتى مىسىردىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئىنتايىن دىققەت بىلەن كۆزەتمەكتە ۋە بۇ ئۆزگىرىشلەردىن چوڭقۇر ئەندىشە ھېس قىلماقتا. خىتاي ھۆكۈمىتى مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنى دۆلەتنىڭ ۋە پۇقرالارنىڭ مەنپەئەتىنى مۇھىم دەپ بىلىشكە، ھەر قايسى تەرەپلەر يۇقىرى دەرىجىدە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا، تېخىمۇ كۆپ ئۆلۈم – يېتىم ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىشقا، ئارىلىرىدىكى ئوخشىماسلىقلارنى دىيالوگ يولى بىلەن ھەل قىلىشقا، سىياسىي تەرتىپ ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى كاپالەتكە ئىگە

(113) 夏文輝,〈埃及,「夾生民主」之痛〉,《北京青年報網》, 2013年07月03日 00:00:00.

قىلىشقا چاقىردۇ.»(114)

شۇ كۈنى خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى ئىيوردانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ناسسەر جۇدېھنىڭ تەلىپىگە بىنائەن تېلېفوندا كۆرۈشكەندە ئېيتقان سۆزلىرىدە، يۇقىرىدىكى بايانلارغا ئوخشمايدىغان ئىككى جۈملىلا ئىلاۋە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «خىتاي ھۆكۈمىتى مىسىر خەلقىنىڭ قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدىغانلىقىغا ۋە مۇقىملىقنى ئورنىتىپ، تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.»(115)

بۇ خىل ۋەقەلەرگە قارىتا، «يېقىندىن كۆزىتىۋاتقانلىقى، ئەندىشە ھېس قىلىۋاتقانلىقى، مەسىلىنى دىيالوگ يولى بىلەن ھەل قىلىش كېرەكلىكى ۋە سىياسىي تەرتىپ بىلەن جەمئىيەت مۇقىملىقىنىڭ قوغدىلىشى لازىملىقى» دېگەندەك ئىپادىلەر، خىتاينىڭ ئەنئەنىۋى بايانلىرىدۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇنداق قىلىشمۇ خىتاينىڭ ئۈچ باسقۇچلۇق تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ئۈچۈن ئىچكى - تاشقى مۇھىتتا تىنچلىق ۋە مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلىش؛ بۇ ئىستراتېگىيەگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ۋەقەلەرگە ئارىلاشماسلىق سىياسىتىنىڭ ئەكس ئېتىشى ھېسابلىنىدۇ.

ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرى خىتايغا ئوخشمايدىغان كونكرېت باياناتلارنى ئېلان قىلىپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئارمىيەنى ۋەزىيەتكە ئارىلاشتۇرۇشىنى قاتتىق تەنقىد قىلدى.(116) ياۋروپا دۆلەتلىرىمۇ ئوخشاش ئۇسۇلدا مىسىر ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى تەنقىد قىلدى.(117) ئامېرىكا مىسىر بىلەن بىرلىكتە ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەربىي مانېۋىرنى توختاتتى.(118) ئامېرىكا تاراتقۇلىرىدا باراك ئوبامانىڭ مىسىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا شەرق سىياسىتى تەنقىد قىلىندى.

(114) 〈外交部發言人洪磊就埃及局勢答記者問〉, 《中華人民共和國外交部網站》, 2013年08月15日.

(115) 〈王毅：呼籲埃及各方通過對話協商化解分歧〉,《中華人民共和國外交部網站》, 2013年08月15日.

(116) Stephen Kaufman, "U.S. Deplores Egyptian Violence and Return to Emergency Law", IIP Digital (U.S. Department of State), 14 August 2013; David Jackson, "The Obama administrations aysthe violence will only make it harder to promot estability and democracy", USA Today, August 14, 2013.

(117) Yasmine Salehand Tom Finn, "Morethan 200 dead after Egyptf orces crush protest camps", Reuters, August 14, 2013.

(118) Mark Landlerand Peter Baker, "His Options Few, Obama Rebukes Egypt's Leaders", The New York Times, August 15, 2013.

ئامېرىكا تەتقىقاتچىلىرى پىرىزىدېنت باراك ئوبامانى ئەيىبلەپ: «ئامېرىكا ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا شەرق بارغانچە كونترولدىن چىقماقتا. سۈرىيە ۋە مىسىرغا قاراتقان سىياسەتلەر، بۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىز ئۆرنىكىدۇر.[119] بۇ قەتلىئاملار ئامېرىكىنىڭ مىسىر دىپلوماتىيەسىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ»[120] دەيدۇ. ئەمما، خىتاينىڭ بۇنداق تەنقىدىي ئىنكاسلىرىنى تېپىش قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. يۈكسىلىۋاتقان خىتاي ھازىرغىچە خەلقئارادىكى مەسئۇلىيىتىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، باشقىلارنى تەنقىد قىلىپ كەلمەكتە.

### 2 ـ قەتلىئامنىڭ ئارقىسىدا ئامېرىكا بار

خىتاي ھۆكۈمىتى مىسىردا يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەلەردە ئامېرىكا ياكى غەرب دۇنياسىنى تەنقىد قىلالمىغان. لېكىن مۇھەممەد مۇرسىنىڭ چەتكە قېقىش سىياسىتىنى تەنقىد قىلدى.

خىتاي دىپلوماتى لىيۇ جىلىن مىسىردا يۈز بەرگەن ۋەقەلەردە ئامېرىكىنىڭ جىنايىتى بارلىقىنى ۋە ئامېرىكىنىڭ ئۆزى قوغدايدىغان دېموكراتىيە پىرىنسىپىدىن يېنىۋالغانلىقىنى ئەسكەرتىپ: «نەتىجىدە ئامېرىكا ئۆزى كۆتۈرۈۋالغان تاشتا ئۆزىنىڭ پۇتىنى يارا قىلدى[121]» دەيدۇ.

خىتاي ئانالىزچىلىرىنىڭ پىكرى بويىچە بولغاندا، ئامېرىكا ئالدى بىلەن مۇرسى ھۆكۈمىتىگە خاتا سىياسەت يۈرگۈزدى، ئارقىدىن يېڭى ھۆكۈمەتكە قارىتا يولغا قويغان سىياسىتىدە بولسا، يۇقىرى نومۇر ئالالمىدى.[122] بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى خىتاي ئانالىزچىلىرى: « غەرب تەشۋىق قىلغان دېموكراتىيەگە ئۈلگە بولىدىغان دۆلەتلەر پارچە – پارچە بولۇپ كەتتى، غەرب مىسىرنىڭ كونا ھالىتىگە يۈزلىنىشىدىن ئەندىشە ھېس قىلماقتا[123]» دەپ قارىدى. خىتاينىڭ لىبېرال چۈنچيۇ جوڭخې

(119) Jennifer Rubin, “Connecting the dots in a failed Egypt policy”,*The Washington Post*, August 14, 2013; Jackson Diehl, “Obama’s dangerous passivity on Egypt and Syria on display”, *The Washington Post*, August 15, 2013.

(120) Dan Murphy, “A massacre in Caïroand a failure of US diplomacy in Egypt”, The Christian Science Monitor, August 14, 2013.

(121) 劉治琳, <回顧埃及政變：內在原因及出路>, 《環球網》、 2013年08月16日 15:26/

(122) 任海軍, <新華國際時評：美國在埃及先失策後失分>, 《新華網》, 2013年08月16日 16:19:15.

(123) 劉睿, <民主樣板國家支離破碎西方擔心埃及重回舊時代>, 《環球時報》, 2013年08月15日06:32.

تەتقىقاتلىرى ئىنستىتۇتى مۇتەخەسسىسى سۇڭ لۇجېڭنىڭ پىكرى بويىچە بولغاندا، مىسىردىكى قەتلىئاملار غەرب دېموكراتىيەسىنىڭ قېيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.[124]

ئامېرىكا تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئامېرىكا ۋە غەرب دۇنياسى بۇ قەتلىئاملارنى توسمىغانلىقى ۋە قاراپ تۇرۇش بىلەن كۇپايىلەنگەنلىكى ئۈچۈن، مىسىر خەلقىنىڭ دېموكراتىيەلىشىشكە بولغان ئۈمىد چىرىغى ئۆچتى.[125] ئامېرىكىنىڭ بۇ پوزىتسىيەسى، ھەم مىسىردىكى ئىسلامچىلار ھەمدە سېكۇلار گۇرۇپپىلارنى بىر نۇقتىدا بىرلەشتۈردى. يەنى ھەر ئىككى گۇرۇپپا ئامېرىكىنى دۈشمەن كۆرۈشكە باشلىدى.[126] مىسىردا يۈز بەرگەن قەتلىئاملاردا ئامېرىكىنىڭ قانچىلىك ئۆزىنى ئاقلايدىغان سەۋەبلىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر[127] ئېتىبارى زىيانغا ئۇچرىدى.[128] مىسىردا، ئوتتۇرا شەرقتە ۋە باشقا رايونلاردا يۈز بەرگەن بىر قاتار ۋەقەلەر، ئامېرىكىنىڭ ئاسىياغا قايتىش ئىستراتېگىيەسىنى قېيىنلاشتۇرۇشقا باشلىدى.[129] ئەسلىدە ئامېرىكا ھەم مۇرسى ھۆكۈمىتىگە ھەمدە ھەربىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن، ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە قارىتا مۇرەككەپ قاراشلارغا ئىگە. ھەربىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن، تۆكۈلگەن قانلار ۋاشىنگتوننىڭ دىققىتىنى تارتىسمۇ يولغا قويغان سىياسەتلىرى نەتىجىسىز قالدى. بۇ ھەر يىلى مىسىرغا بېرىلىۋاتقان ئىقتىسادىي ياردەمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئامېرىكىنىڭ 1.6 مىليارد دوللارلىق ياردىمىنىڭ مەجبۇرلاش كۈچى يوق. بۇ ئىقتىسادىي ياردەملەر باشقا ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ مىسىر ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە قىلىۋاتقان ياردەملىرى ئالدىدا ھېچقانچە گەپ ئەمەس.[130] خىتاينىڭ ۋەقەلەردىن يىراق تۇرۇش ۋە خەلقئارادىكى مەسئۇلىيىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش سىياسىتى، خىتاينى مىسىر ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەرنىڭ نەزىرىدە «دۈشمەنلىك» بىلەن قارىشىدىن

(124) 宋魯鄭,〈埃及清場悲劇再次驗證民主困境〉,《觀察網》,2013年08月14日10:02:06.

(125) Editorial, “Egypt’s democracy dies a violent death: The world should exert greater pressure tavertcivilwar”, The Financial Times, August 14, 2013.

(126) Cynthia P. Schneider, “Missing in Action”, The Brookings Institution, August 15, 2013.

(127) Thom Shankerand Eric Schmitt, “Ties With Egypt Army Constrain Washington”, The New York Times, August 16, 2013.

(128) Kim Ghattas, “US credibility ‘in tatters’ over Egypt crisis”, BBC News, 16 August 2013.

(129) Philip Stephens, “In the Middle East, a decade of war promises a decade of disorder”, The Financial Times, July 25, 2013.

(130) Howard La Franchi, “Egypt violence: US hardensitstone, but is criticized as toosoft”, The Christian Science Monitor, August 14, 2013.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىسىردىكى سىياسىي ئۆزگىرىشلەر ۋە خىتاينىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىدىكى ئىنكاسى

قوغداپ قالدى. خىتاي ۋەقەلەر بېسىققاندىن كېيىن، ئوخشاشلا سودا – ئىقتىساد ۋە ئېنېرگىيە مۇناسىۋەتلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

خىتاي مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ مىسىردىكى قەتلىئاملار توغرىسىدا ئېلان قىلغان ئانالىزلىرىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەسىلىگە بولغان پوزىتسىيەسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى روشەن پەرقكە ئىگە. خىتاي مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئانالىزلىرىغا ئاساسلانغاندا، مىسىر ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ قەتلىئامى شاھمات تاختىسىدىكى خەتەرلىك بىر قەدەم ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، قان تۆكۈلۈشنىڭ ئارقىسىدىن مۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش تېخىمۇ قىيىنغا توختايدۇ، ھەتتا ئىچكى ئۇرۇش يۈز بېرىشىمۇ مۇمكىن.(131) ھەربىي ئۆزگىرىش مىسىرنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىشكە ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. شۇنىڭدەك، ئومۇمىي جەھەتتىن جەمئىيەت تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن سېكۇلار گۇرۇپپىلار مۇقىملىقنى ۋاقىتلىق ئىشقا ئاشۇرغان بولىدۇ.(132)

خىتاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئافرىقا تەتقىقاتلىرى ئىنستىتۇتى مۇدىرى خې ۋېنپىڭ: «مىسىر ئارمىيەسىنىڭ مەيداننى تازىلاشقا قارار قىلغىنىغا قارىغاندا، مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ بىر ئايدىن ئارتۇق قارشىلىق كۆرسىتىش سەۋرىنىڭ قالمىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مىسىر ئارمىيەسى ھەربىي جەھەتتىن قول تىقىپ ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى مۇستەھكەملىشى، مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، قايتىدىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىش ئۈمىدىدىن ۋاز كېچىش نىيىتىنى پەيدا قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، مىسىر لىبېراللىرى مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىغا سوغۇق نەزەردە بولغاچقا ئارمىيەنىڭ ئارىلىششىنى جاسارەتكە ئىگە قىلدى»(133) دەيدۇ.

خىتاي ھازىرقى زامان خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ئوتتۇرا شەرق مۇتەخەسسىسى لى شىياۋشيەن، مىسىر ئارمىيەسىنىڭ ۋەزىيەتكە ئارىلىششى تېخىمۇ كۆپ قان تۆكۈلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ مىسىر ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن قورallıق توقۇنۇشقا كىرىش مۇمكىنلىكىنى

(131) 陳小茹，〈武力清場是埃及政府走的一步險棋〉，《中國青年報》，2013年08月15日第04版.

(132) 徐立凡，〈清場無助埃及擺脫「轉型深淵」〉，《京華時報》，2013年08月16日09:47.

(133) 高美，〈莫爾西支持者遭軍警清場傷亡慘重〉，《新京報》，2013年08月15日02:33:14.

ئىلگىرى سۈردى. ئۇنىڭ پىكرى بويىچە ئېيتقاندا، مۇھەممەد مۇرسىنىڭ تەختتىن چۈشۈرۈلىشىنىڭ سەۋەبى، ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان مۇھەممەد مۇرسى سىياسىي ئىسلامنى يۈرگۈزۈش بىلەن سېكۇلار گۇرۇپپىلارنىڭ قورقۇنچى ۋە ئەندىشىسىنى كۈچەيتىۋەتكەن ئىدى. مىسىر ئارمىيەسى مۇرسىغا قارشى كۈچلەردىن پايدىلىنىپ، ھەربىي ئۆزگىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالىدى. ھازىرقى ئەھۋالنى كۆزەتكىنىمىزدە، ھەربىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن، مىسىردىكى سىياسىي ئىسلام باسقۇچى مۇئەييەن سەۋىيەدە تىزگىنلەندى. ئەمما، ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئېنىق بولمىغان مۇھىتىدا ئەرەب دۇنياسىدا مەيدانغا كەلگەن سىياسىي ئىسلام باسقۇچىنىڭ تېخى تاماملانمىغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.[134]

شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ ئوبزورچىسى جياڭ ياپىڭنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، مىسىرنىڭ ئەڭ بۈيۈك قىلىدىغان ئىشى مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنى سىياسىي ئىسلاھاتقا قاتناشتۇرۇشتۇر. كوچىدا بىر – بىرىگە قارىمۇ قارشى تۇرۇش ۋە زوراۋانلىق يولى بىلەن توقۇنۇشۇش مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىغا پايدىلىق ئەمەس. مىسىرنىڭ ھازىرقى ھۆكۈمىتى مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىغا قارشى داۋاملىق تۈردە يۇقىرى بېسىم ۋە چەتكە قېقىش سىياسىتىنى يولغا قويسا، ئالدىنقى نۆۋەتتىكى ھۆكۈمەت يۈرگۈزگەن چەتكە قېقىش ۋە دىكتاتور سىياسەتتىن ھېچقانداق پەرقى قالمايدۇ. مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى رېئاللىققا بويسۇنۇشى ۋە بۇ باسقۇچتا ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ۋاقىتتىكى خاتالىقلىرىنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشى لازىم. كوچىلاردا نامايىش قىلىپ تەلەپلىرىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن ۋاز كېچىشى، شۇنداقلا سىياسىي جەھەتتىن يېڭى مۇرەسسەلىشىش باسقۇچىغا ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىپ، ۋەزىيەتنىڭ تېخىمۇ يامانلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم.[135]

لى شياۋشيەنمۇ يۇقىرىدىكى پىكىرگە ئوخشاش قاراشتا بولۇپ، ئۇ مىسىرنىڭ قىيىنچىلىق ئىچىدىكى باسقۇچتىن چىقالىشى ئۈچۈن سېكۇلار كۈچلەر ۋە دىنىي كۈچلەرنىڭ مۇرەسسەلىشىشى كېرەكلىكىنى قەيت قىلىدۇ.[136]

(134) 李灝，〈李紹先：埃及危急!世俗與宗教力量需和解〉，《鳳凰專家談》第016期，2013年08月14日.

(135) 江亞平， 〈快評：清場難使埃及走出暴力怪圈〉，《新華網》， 2013年08月14日 16:51:39.

(136) 李灝，〈李紹先：埃及危急!世俗與宗教力量需和解〉，《鳳凰專家談》第016期，2013年08月14日.

www.uyghurkitap.com



### 3- مىسىرنىڭ كېلەچىكى

خىتاي ئانالىزچىلىرىنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، مىسىر 3A (ئارمىيە، ئاللاھ ۋە ئامېرىكان) تەڭلىمىسى ئىچىدە بولۇپ، مىسىرنىڭ سىياسىي تەقپۇڭلۇقلىرى بۇ ئۈچ كۈچنىڭ ئارىسىدىكى كۈرەشكە باغلىق. مىسىر ھەربىي ۋە دىنىي كۈچلەرنى قوغداقلايدىغان بىر دېموكراتىك يولنى تاپالمىغاندا بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۈرەش ئۈزۈن داۋاملىشىدۇ. ئەزەلدىنلا غەلىتە ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئامېرىكىنىڭ مىسىر سىياسىتىدىكى تەسىرىمۇ ئاجىزلايدۇ.[137]

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ زۇۋانى بولغان «خەلق گېزىتى» نىڭ تارمىقىدا پائالىيەت كۆرسىتىۋاتقان «گلوبال تايمىس گېزىتى» نىڭ باشماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، مىسىردا يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەلەر ئەڭ ئاخىرقىسى بولماسلىقى مۇمكىن. مىسىرنىڭ زامانىۋىلاشقان گۈزەل دۆلەت بولۇش ئارزۇسى ئېچىنىشلىق ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. خۇددى باستۇرۇپ كەلگەن سەلنى توسۇپ قالغىلى بولمىغاندەك، قالايمىقانچىلىققا كىرىپ قالغان بىر دۆلەتنىڭ ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىشمۇ ناھايىتى قىيىندۇر. غەربتە تىكلىگىلى بولىدىغان بىر تۈزۈم مىسىردا مۇۋەپپەقىيەتسىز ئاخىرلىشىشى مۇمكىن. چۈنكى ھەر بىر شەيئى ماتېماتىكىلىق مۇناسىۋەتكە ئوخشاش ئېنىق نەتىجىگە ئېرىشەلمەسلىكى مۇمكىن. باشماقالىدە ئىلگىرى سۈرۈلىشىچە، مىسىرنىڭ كېلەچىككە مۇناسىۋەتلىك تەخمىنلەر ئاساسەن دېگۈدەك ياخشى ئەمەس. غەرب دۇنياسى ۋە مىسىر خەلقى بالدۇرراق مۇقىملىققا ئېرىششنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەمما بۇ ناھايىتى تەس. يەنى مىسىردىكى قالايمىقانچىلىقلار غەرب دۇنياسىنىڭ قارا يۈزى ۋە مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكىدۇر.[138]

خې ۋېنپىڭنىڭ پىكرى بويىچە بولغاندا، مىسىردا دېموكراتىيەنىڭ ئاساسى يوق بولۇپ، سىياسىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش باسقۇچىدا مۇقىمسىزلىقلار داۋاملىشىدۇ.[139] «نيۇ يورك تايمىس گېزىتى» نىڭ ستون يازغۇچىسى توماس فرىدمان دېموكراتىيە ئاساسى بولمىغان مىسىرنى پالاكەت باستى، دەپ قارايدۇ.[140] باشقا ئامېرىكا مۇتەخەسسىلىرىنىڭ پىكىرلىرىمۇ بۇنىڭغا ئوخشايدىغان بولۇپ، ئۇلار مىسىرنىڭ

(137) 劉旭,〈埃及對峙困局短期無解〉,《中國新聞網》2013年08月15日 19:04.

(138) 〈社評：驚人血腥在失序的埃及誰也擋不住〉,《環球時報》, 2013年 08月15日.

(139) 高美,〈莫爾西支持者遭軍警清場傷亡慘重〉,《新京報》, 2013年08月15日02:33:14.

(140) Thomas L. Friedman, “Close to the Edge”, The New York Times, August 20, 2013.

دېموكراتىيەلىشىش باسقۇچىنى كېچىكتۈرۈش يولىنى تاللىشى كېرەكلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.[141] ئامېرىكا مەتبۇئاتلىرى، مىسىرنىڭ ئىشلىرىنى مىسىرلىقلار ھەل قىلىشى كېرەك. ئەگەر ۋاشىنگتون بارلىق ئۆزگىرىشلەردە تەسىرىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىنى ئارزۇ قىلسا، بۇنى ئوخشىمىغان يوللار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.[142]

خىتاينىڭ «گلوبال تايمس گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان باشماقالىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، مىسىر ئارمىيەسىنىڭ قولى قانغا بويالدى. بۇ قان مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلامدىن قورقۇش پسىخىكىسى بار غەربلىكلەرنىڭ نەزىرىدە مىسىر ئارمىيەسىنىڭ گۇناھى ياكى ساۋابىنى ئايرىپ ئولتۇرۇشىنىڭ ئەھمىيىتى يوق. بۇ مىسىر مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنالماسلىقىدىكى مۇھىم نۇقتىدۇر. مىسىر خەلقى ئۆز - ئۆزىگە ئىگە بولۇشى لازىمكى، داۋاملىشىۋاتقان مۇقىمسىزلىق ۋە قالايمىقانچىلىقتا چەت دۆلەتلەرگە تايانماستىن سىياسىي ئىسلاھاتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك.[143]

خىتاينىڭ بەزى تەتقىقاتچىلىرى مىسىر سىياسىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يولىنى تېپىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە بولغاندا، ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، يۈز بەرگەن ۋەقەلەردە ئامېرىكىچە دېموكراتىيە مەغلۇپ بولدى. شۇڭا، مىسىر ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشى لازىم.[144] يەنە بەزى خىتاي تەتقىقاتچىلىرى: «بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن، مىسىرلىقلار ئەمدى ئامېرىكىنىڭ پايدىنى كۆزلەپ بۈگۈن بۇنى، ئەتىسى باشقا بىرىنى قوللاپ ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىدى»[145] دەيدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ئامېرىكا مىسىر مەسىلىسىنى ھەل قىلالمايدۇ، مىسىرنى قۇتقۇزۇش مىسىرلىقلارغا ئامانەت قالدى.[146]

(141) Charles A. Kupchan, “Democracy in Egypt Can Wait”, The New York Times, August 16, 2013.

(142) Editorial, “Egypt erupts as security forces attack Morsi supporters”, The Washington Post, August 14, 2013.

(143) 〈社評：「陣痛」要多久？埃及開弓沒有回頭箭〉，《環球時報》，2013年 08月15日.

(144) 楊子岩，〈「重啟」埃及需要剪斷美國控制線〉，《海外網》，2013年08月16日08：07.

(145) 馮創志，〈埃及人終於看清動盪背後的另一隻手〉，《中國網》，2013年08月18日.

(146) 劉波，〈美國難解埃及困局挽救埃及要靠埃及人自己〉，《21世紀經濟報導》第12版，2013年08月19日.

www.uyghurkitap.com

ئېچكى موگغۇل مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى ۋە مىسىر ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى ۋاڭ تەي: « مىسىر ئارمىيەسى بىلەن مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى ئارىسىدا زوراۋانلىقلارنىڭ يۈز بەرگىنىگە قارىغاندا، ئارمىيەنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىغا سابىق پىرېزىدېنت جامال ئابدۇنناسىر 1950 – يىلى يۈرگۈزگەن يۇقىرى بېسىملىق سىياسەتنى تەكرار يۈرگۈزۈشى مۇمكىن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ۋەزىيەتكە ئارمىيەنىڭ ئارىلىشىشى مىسىرنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن پايدىسىز ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ قوراللىق كۈرەش يولىغا ئاتلىنىشىغا سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. سىياسەت ھۆكۈمەتنىڭ قولىغا ئۆتمىگەن ئەھۋالدا دېموكراتىيەلىشىش باسقۇچى چېكىنىپ كېتىشى، نەتىجىدە مىسىر ‹مۇۋەپپەقىيەتسىز دۆلەتلەر› يولىغا قاراپ ئالغا ئىلگىرىلىشى مۇمكىن»[147] دەيدۇ.

خىتاي سىياسىي ئانالىزچىلىرىنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، مىسىر دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ئابدۇلفەتتاھ ئەس-سىسى پىرئەۋنىدۇر.[148] ھاكىمىيەت ئالمىشىشى بولسا، پىرئەۋنلەرنىڭ بايراق تالىشىش رىقابىتىدۇر.[149] ھەربىي ئۆزگىرىش ئارقىلىق ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان مىسىر ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى بېسىملىق سىياسىتىنىڭ تەسىرىدە، مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى يەر ئاستىغا كۆچۈشى ياكى پارچىلىنىشى ئېھتىمالغا يېقىن.[150] ئەگەر مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ بىر قىسمى رادىكال يولنى تاللىسا ياكى باشقا رادىكال ئىسلامىي كۈچلەر مىسىرغا يوشۇرۇن ئورۇنلاشسا، مىسىردا مۇقىملىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش تېخىمۇ تەسلىشىدۇ.

بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتى ئوتتۇرا شەرق تەتقىقاتلىرى مەركىزىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ سولاۋ، مىسىرنىڭ كېلەچىكىنىڭ ھەربىي ئۆزگىرىش بىلەن تىكلەنگەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەسىرى، مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ كۈرەش قىلىش ئىستراتېگىيەسى ۋە لىبېراللارنىڭ رولىغا باغلىق

(147) 魏香鏡,〈埃及重回軍人政治時代?〉,《南方日報》第A07版, 2013年8月15日.

(148) 曉照,〈塞西: 埃及新法老〉,《羊城晚報》第A25版, 2013年08月21日.

(149) 張楚楚, 〈法老接力: 埃及抗爭政治陷入困境〉, 《國際線上》, 2013年08月21日 17:29:12.

(150) Sarah Benhaida, “Egypt Brotherhood could go back underground to survive”, AFP, August 20, 2013.

ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. بۇ كۈچلەر ئارىسىدىكى كۈرەشتە، مىسىر ئىقتىسادىنىڭ ياخشىلىنىشى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، جەمئىيەت مۇقىملىقىنىڭ ئىشقا ئېشىشى ۋە سىياسىي تەرتىپنىڭ رولىنى نورمال جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.[151]

مىسىردا يۈز بەرگەن قانلىق كۈرەشلەرنىڭ خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە مۇقىمسىزلىق پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن خىتاي ئانالىزچىلىرى،[152] مىسىرنىڭ كېلەچىكىنى ئارمىيە ياكى سېكۇلار گۇرۇپپىلار بىلەن ئىسلامچىلار ئارىسىدىكى مۇرەسسەگە باغلايدۇ.[153]

خىتاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى غەربىي ئاسىيا ۋە ئافرىقا تەتقىقاتلىرى ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇتەخەسسىسى يۈ گوچىڭ: «مىسىر ئارمىيەسى مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىغا سەل قارىيالمىغاندەك، پۈتۈنلەي نەزەردىن ساقىت قىلالمايدۇ. شۇڭلاشقا مىسىر سىياسىي مۇزاكىرە باسقۇچىغا كىرىشى مۇمكىن. بىراق، بۇنى داۋاملاشتۇرۇش ناھايىتى تەس»[154] دەيدۇ.

خىتاي ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر تەتقىقاتلىرى ئىنىستىتۇتى (CICIR) نىڭ مۇتەخەسسىسى تيەن ۋېنلىن: «مىسىر ئارمىيەسى جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئىشقا ئاشۇرالىشى مۇمكىن. ئەمما، ھەممىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ھۆكۈمەتنى قۇرۇپ چىقىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى قىيىن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، بىر سىياسىي قۇرۇلمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن كەڭ ئاساسقا ۋەكىللىك قىلىدىغان - قىلمايدىغانلىقىغا ياكى يولغا قويغان سىياسەتنىڭ ئۈنۈمىگە قارىلىدۇ»[155] دەپ قارايدۇ.

خىتاينىڭ مىسىردا تۇرۇشلۇق سابىق باش ئەلچىسى ئەن خۈيخو، مىسىردا ھاكىمىيەتنىڭ توغرا باشقۇرۇلۇشى، ئىچكى ئۇرۇش پارتلىمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. چۈنكى، مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ قولىدا ئەسكەر يوق، يەنە كېلىپ غەرب دۆلەتلىرى مىسىردا ئىچكى ئۇرۇش يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى

(151) 王鎖勞，<埃及局勢判斷切忌簡單化>，《環球時報》，2013年08月17日17 02:35.

(152) 高珮著，<埃及：軍方血腥清場，換來長期對抗?>，《青年參考》第06 版，2013年08月21日.

(153) 劉雲，<埃及未來取決於各方勢力的和解>，《法制日報》，2013年08月20日.

(154) 魏香鏡，<埃及重回軍人政治時代？>，《南方日報》第A07版，2013年8月15日.

(155) 魏香鏡，<埃及重回軍人政治時代？>，《南方日報》第A07版，2013年8月15日.

www.uyghurkitap.com

مىسىردىكى سىياسىي ئۆزگىرىشلەر ۋە خىتاينىڭ دىپلوماتىيە سىياسىدىتىكى ئىنكاسى ئالىدۇ.[156]

خىتاينىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئانالىزچىسى جوڭ شېڭ: «ھەممىدىن مۇھىمى، مىسىردا مۇقىملىق ئىشقا ئېششى كېرەك ۋە بۇ بىردىنبىر چىقىش يولى»[157] دەيدۇ.

## 4- ئانالىزلار

خىتاي تەتقىقاتچىلىرى مىسىردا يۈز بەرگەن ھەربىي ئۆزگىرىش ۋە مۇرسى تەرەپدارلىرىنى قىرغىن قىلىش ھەققىدە ئارمىيەنى تەنقىد قىلىسمۇ، ئاساسلىق خاتالىقنى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ئۈستىگە ئارتتى. بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، «قەتلىئام توغرا ئەمەس، ھەربىي ئۆزگىرىش توغرا ئىدى» دېگەندەك قاراشلارنى ئىلگىرى سۈردى. خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ ھەربىي ئۆزگىرىشنى «ھەربىي ئۆزگىرىش» دەپ ئاتىمىدى، شۇنىڭدەك قەتلىئامنىمۇ ئەيىبلىمىدى. ئامېرىكا ۋە غەرب دۆلەتلىرى ھەربىي ئۆزگىرىشنى ئوچۇق – ئاشكارا تەنقىد قىلمىسىمۇ، پەقەت بولمىدى دېگەندە قەتلىئامنى ئەيىبلىدى.

خىتاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى غەربىي ئاسىيا ۋە ئافرىقا تەتقىقاتلىرى ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇتەخەسسىسى لىيۇ دوڭ ئامېرىكا ۋە غەرب دۇنياسىنىڭ قەتلىئامنى ئەيىبلىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى، خەلقنىڭ بېسىمى تۈپەيلىدىن بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى.[158]

مىسىردىكى قەتلىئام، خىتاي ئارمىيەسىنىڭ 1989 – يىلى 4 – ئىيۇندا بېيجىڭغا جايلاشقان دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ خەلق مەيدانى بولغان تيەنئەنمېن مەيدانىدا دېموكراتىيە تەلەپ قىلىپ، ھۆكۈمەتكە قارشى چىققان ئوقۇغۇچىلارنى باستۇرغان ۋەقەنى كىشىنىڭ سەمىگە سالىدۇ.

خىتاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمەسى غەربىي ئاسىيا ۋە ئافرىقا تەتقىقاتلىرى ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇتەخەسسىسى ۋاڭ جىڭلېي، مىسىردىكى قەتلىئامنىڭ يۈز بېرىشىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ پىكرىچە

(156) 朱永磊, 〈中國前駐埃及大使: 埃及發生內戰的可能性很小〉, 《新華網》, 2013年08月15日 08:53:38.

(157) 鐘聲, 〈穩定, 埃及唯一正確的選擇〉,《人民日報》第05 版, 2013年08月19日.

(158) 董立林,〈武力清場, 一場難以避免的悲劇〉,《錢江晚報》第a0021版,2013年8月16日.

بولغاندا، مەيداندا تازىلاش ئېلىپ بېرىلمىغاندا مىسىر تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ، ھۆكۈمەتسىزلىك داۋاملىشاتتى. ئارمىيە ھەربىي ئۆزگىرىش قوزغىمىغان بولسا، مىسىر ئىرانغا ئوخشاش «ئىسلامىي دۆلەت» كە ئايلىناتتى. مىسىردىكى ئىسلامىي كۈچلەر ئارمىيەگە باشقا تاللاش يولى قويمىدى.

مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ يەنە بىر ئوتتۇرا شەرق مۇتەخەسسىسى تاڭ جىچاۋ: «مىسىر ئارمىيەسى ۋەزىيەتكە ئارىلاشمىغان بولسا، مىسىر ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ۋە ھەربىي قىسىملارنىڭ ئېتىبارى زىيانغا ئۇچرايتتى. داۋالغۇشقا تولغان ۋەزىيەتنىڭ داۋاملىشىشى جەمئىيەتتە سەلبىي تەسىر پەيدا قىلاتتى» دېيىش ئارقىلىق قەتلىئامنى ئاقلاشقا ئۇرۇندى.

ھەر ئىككى مۇتەخەسسىسنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، مىسىر ئارمىيەسى بىلەن مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى ئارىسىدىكى توقۇنۇشلارنىڭ داۋاملىشىشى ئىچكى ئۇرۇشنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولاتتى.[159]

خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقئارا جەمئىيەتتە، مىسىردىكى قەتلىئامنى تيەنئەنمېن ۋەقەسىگە ئوخشىتىشنى[160] رەت قىلغىنىغا ئوخشاش، مىسىر ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭمۇ بۇ ئوخشىتىشنى رەت قىلىشى ئىنتايىن نورمال ئەھۋالدۇر. مىسىرنىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى مۇھەممەد تەۋپىق «Foreign Policy» ژۇرنىلىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، مىسىردىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنى ئارمىيەنىڭ باستۇرۇشى بىلەن خىتايدا يۈز بەرگەن تيەنئەنمېن قەتلىئامىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىنى ۋە بىر - بىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلسا توغرا بولمايدىغانلىقىنى قەيت قىلدى.[161]

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مىسىردا يۈز بەرگەن قەتلىئامنى «قەتلىئام» دېمەسلىكىنىڭ نۇرغۇن سەۋەبلىرى بار. رۇسىيە بىلەن ئوخشاش تۇرۇش، بۇنىڭ بىر سەۋەبىدۇر. ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتقان ئۈچ باسقۇچلۇق تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ئۈچۈن مۇقىم

(159) 楊舟, 〈專家解讀: 埃及清場在所難免〉, 《新華網》, 2013年08月16日 05:41:11.

(160) Editorial, "Military crackdown: Egypt's Tiananmen Square", The Guardian, 14 August 2013; Marc Champion, "Is This Egypt's Tiananmen Square?", Bloomberg, Aug 16, 2013; David Rohde, "A feckless response to Egypt's avoid ablemassacre", Reuters, August 15, 2013; Matt Schiavenza, "The Massacre in CairoIsn't 'Egypt's Tiananmen Square'", The Atlantic, Aug 16 2013.

(161) Isaac Stone Fish, "Egyptian Ambassador: 'It Became Necessary to Finish This Thing Today'", Foreign Policy, August 14, 2013 7:26 PM.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋەزىيەت بەرپا قىلىش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن مۇۋاپىق زېمىن تەييارلاش ۋە خەلقئارادىكى مەسئۇلىيەتتىن قېچىش مۇھىم سەۋەبلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئوتتۇرا شەرققە ئوخشاش ئېنىقسىزلىقلارغا تولغان رايونلاردىكى ھاكىمىيەتلەر ھەر قاچان ئۆزگىرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئەھۋالنى ئېنىق كۆزەتمەي تۇرۇپ پىكىر بايان قىلىش خاتالىقلارغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالمىغان ئەھۋاللارغا تەمكىنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش، خىتاي دىپلوماتىيەسىنىڭ ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكىدۇر.

يەنە بىر مۇھىم سەۋەب بولسا، تىيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقى بولۇپ، بۇ يارىنى خىتاي خەلقى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۆكتىچى خىتايلار ھەر دائىم تىيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ نامىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىنى ۋە قەتلىئام يۈرگۈزگەن جىنايەتچىلەرنى جازالاشنى كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كېلىپ، ئادالەت تەلەپ قىلماقتا.

## ئومۇمىي باھا

شىمالىي ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا شەرقتە يۈز بەرگەن سىياسىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرىدە جەمئىيەت خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر سىياسىي، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتتە مۇھىم تەسىر پەيدا قىلىپلا قالماي، تەرەققىيات باسقۇچلىرىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. مەزكۇر دۆلەتلەردە يۈز بەرگەن تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرى باسقۇچىنىڭ سانجىقى 20–30 يىل داۋاملىشىشى مۇمكىن. مىسىردىكى تىراگېدىيەلىك تەرەققىياتلار بۇ سانجىقلارنىڭ بىر مىسالى. بۇلارنىڭ نەتىجىسىدە مۇسۇلمان دۇنياسى يۇقىرى بېسىملىق ھاكىمىيەتلەرگە قارشى چىقىپ ئويغىنىش مۇساپىسىنى باشلىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئويغىنىشىنىڭ ئىسلامغا قانچىلىك ھەسسە قوشىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر نەرسە دېگىلى بولمىسىمۇ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان سانجىقى تۇتۇپ قىلىش، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى مەزھەپ توقۇنۇشلىرى، مۆتىدىل مۇسۇلمانلار بىلەن رادىكال مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، رايون ۋە دۇنيا خاراكتېرلىك چوڭ كۈچلەرنىڭ ئىسلام دۇنياسىدا ئوينايدىغان ئويۇنلىرى ۋە بۇ كۈچلەرنىڭ ئۆز مەنپەئەتلىرىنى چىقىش قىلغان ھالدا، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرىدە قايسى تەرەپتە تۇرىدىغانلىقى قاتارلىق بىر قاتار ئامىللار مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىنى بۇزۇۋېتىشى مۇمكىن.

خىتاينىڭ 21 – ئەسىردىكى يېڭىدىن يۈكسىلىۋاتقان كۈچلەرنىڭ ئالدى ئىكەنلىكى بىر ھەقىقەت بولسىمۇ، ئەمما، خىتاي تېخى ھەر تەرەپتىن ھەقىقىي مەنىدە يۈكسەلگەن بىر كۈچكە ئايلىنىپ بولالمىغانلىقى ۋە دېڭىز شىياۋپىڭ بەلگىلىگەن ئۈچ باسقۇچلۇق تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى تاماملاش ئۈچۈن 10–20 يىل ۋاقىتقا ئېھتىياجى بارلىقى سەۋەبلىك، شىمالىي ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى ئۆزگىرىشلەرگە تەمكىنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، شەكىلۋازلىققا تولغان سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. خەلقئارالىق جەمئىيەتلەر خىتاينىڭ بۇ سىياسىتىنى «خەلقئارالىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىدى» دەپ تەنقىد قىلماقتا. مۇنداقچە ئېيتقاندا، خىتاينىڭ تاشقى سىياسىتىدە پىرىنسىپ ۋە قىممەت ئۆلچىمى دېيىلگەن نەرسىلەر يوق بولۇپ، پەقەت مەنپەئەتلا بار. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، سىياسىي مەدەنىيىتى ئوخشىمايدىغان خىتاي، مۇسۇلمان ياكى ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرىدۇ. ئەمما، ئورتاق قىممەت قاراشلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇناسىۋەتلەرنى ئورنىتالمايدۇ. خىتاينىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئويغىنىش باسقۇچىدا ئۇنىڭغا ھەسسە قوشۇشتىن بەكرەك، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە خەۋپسىزلىك مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ئۇرۇنىدىغانلىقى ئاشكارىدۇر. ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنىڭمۇ مەنپەئەتكە قاراپ بولىدىغانلىقىدا ھېچقانداق گۇمان يوق.

شەرقىي تۈركىستان ھەم ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەمدە تۈرك دۇنياسىنىڭ ئەڭ شەرقتىكى زېمىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا يىراقنى ئويلىغاندا كۆڭۈل بۆلۈشكە ئېرىشمەي قالمايدۇ. خىتاينىڭ يۇقىرى بېسىملىق سىياسىتى داۋاملىشىدىكەن شەرقىي تۈركىستانغا كۆڭۈل بۆلۈش تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئويغىنىش باسقۇچىدا ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن بولغان ئىجابىي ۋە سەلبىي ئۆزگىرىشلەر، شەرقىي تۈركىستانغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئەسلىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقى خىتاي بىلەن ئىسلام دۇنياسى ئارىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىيالىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما، خىتاينىڭ يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇقىملىقىغا زىيان سېلىپلا قالماي، خىتاينىڭ ئىسلام دۇنياسى بىلەن بولغان شەكىلۋازلىققا ئىگە مۇناسىۋەتلىرىگىمۇ پات – پات سەلبىي جەھەتتىن تەسىر قىلىپ تۇرماقتا. ■

تەرجىمە قىلغۇچى: م. كۆكيار | مۇھەررىرى: ئادىل يۈسۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارخېئولوگ قۇربان ۋەلى

# تارىم ئويمانلىقىدا بۆرە توتېمى

1996- يىلى چەرچەندىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن بۆرە ئوبرازى نەقشلەنگەن بىر ياغاچ قۇتا تېپىلغان. كەڭلىكى 13.5 س م، ئېگىزلىكى 4.5 س م، يىل دەۋرى مىلادىدىن ئىلگىرى 5-ئەسىر. بۇ مەدەنىي يادىكارلىق ھازىر ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا ساقلانماقتا.(1)



بۇ بۆرە ئوبرازلىق ياغاچ قۇتا تارىم ئويمانلىقىدا مىلادىدىن ئىلگىرى بەشىنچى ئەسىردە بۆرىنى توتېم قىلغان قوۋملار ياشىغانلىقىنىڭ دەلىلى. شۇنداقلا، تارىم ئويمانلىقىدا ساقلىنىپ قالغان قەدىمكى گۈزەل-سەنئەت نەقش ئەسەرلىرىدىن بىر نامايەندە.

قەدىمكى زامان نەققاشلىرى بۆرە ئوبرازىنى ۋە بۆرىنىڭ بەدەن ھەرىكىتىنى ناھايىتى قىزىقارلىق شەكىل بىلەن ئىپادىلىگەن. بۇ ياغاچ قۇتىغا نەقشلەنگەن بۆرىنىڭ بېشى ئىككى، بىرى ئوڭدا بىرى دۈم. بۇ ياغاچ قۇتا تىكلەپ قويۇلسىمۇ، دۈم قىلىپ قويۇلسىمۇ، ئۇنىڭدا ئوخشاشلا يەنە شۇ گۆشخۇمار بۆرە كۆرۈنىدۇ . بۇ ياغاچ قۇتىغا نەقشلىگەن بۆرە ئېرىشكەن

(1) شۇ قېتىم زاغۇنلۇقتىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ يىل دەۋرى كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق ئېنىقلانغان. بۇ بۆرە ئوبرازى نەقشلەنگەن ياغاچ قۇتا شاڭخەيدە نەشر قىلىنغان تارىم ئويمانلىقىدىن تېپىلغان ئەڭ مەشھۇر مەدەنىي يادىكارلىقلار ھەققىدىكى رەسىملىك توپلام 絲路珍品 غا كىرگۈزۈلگەن.

ئولجىنى تازا تۈگىلىپ تۇرۇپ ھۇزۇرلىنىپ يەپ، ئەمدىلا قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولغاندەك كۆرۈنىدۇ . نەققاشلار بۆرىنىڭ قورسىقىنىڭ ئىچىگە گۆش دۈملەيدىغان خۇمرا، گۆش چانايدىغان قىڭراقلارنىمۇ نەقىشلەپ قويۇپتۇ.

بۇ بۆرە ئوبرازلىق ياغاچ قۇتا مېتال ئەسۋاب بىلەن ھەربەپ، ئىككىلەپ، رەندىلەپ ياساپ چىقىلغانلىقى ئېنىق. بۇ بىزگە بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ بەش يۈز يىل بۇرۇنلا تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ مېتال ئېرىتىش- تاۋلاش، ئۇنىڭدىن نازۇك ئەسۋاب ياساش ھۈنەر -تېخنىكىسىنى نامايان قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار قەدىمكى زاماندا سەددىچىنىنىڭ شىمالىدىن تەڭرىتاغ ئەتراپىغىچە سوزۇلغان بىپايان زېمىندە ئەركىن ياشىغان ھەر قايسى قوۋملار ئىچىدە، خۇددى رۇس ئالىملىرى ئېيتقاندەك،[2] بۇنىڭدىن 3000 مىڭ يىل بۇرۇنلا ھەر قايسى بوستانلىقلاردىكى ھىندى - ئىران تىللىق قوۋملارنى ئۆزىگە قوبۇل قىلىپ بىر چوڭ قوۋم بولۇشقا باشلاپ، كۈچلۈك مىللىي ۋە سىياسىي ئومۇمىيلىققا ئىگە بولۇشنى مىلادى 14- ئەسىردە تولۇق تاماملىغان قوۋمدۇر. ئۇيغۇرلار بۇ ئۇزۇن تارىخ جەريانىدا ئەڭ بۇرۇن بۆرىنى توتېم قىلغان. ئۇيغۇرلار نىڭ بۆرىنى توتېم قىلغانلىقى ھەققىدىكى ئەدەبىي تەسۋىرلەر ناھايىتى كۆپ. ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرلەردە تەسۋىرلىنىشچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ئوبرازى «ئوغۇزخان»، ئانا ئوبرازى «ئۇماي»، توتېمى «كۆك بۆرە». قەدىمكى زاماندا ھون، تۈرك، ئۇيغۇر قوۋملىرىغا چېگرىداش بولغان چىن، خەن سۇلالىلىرىنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىدىمۇ ئۇيغۇر دېگەن نام ئۇنىڭ بۆرە توتېملىق قوۋم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان 狄 دېگەن خەت بىلەن يېزىلغان. مىلادى 9- 10- ئەسىرلەردە تۇرپاندا بىنا قىلىنغان مىڭ ئۆيلەردىمۇ بۆرە نۇسخىلىق بېزەكلەر بار.

«توتېم» دېگەن قەدىمكى زاماندا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئادەم توپلىرىنىڭ ئىپتىدائىي ئورتاق ھەرىكەت شەكلىنى چۈشەندۈرىدىغان ئاتالغۇ. بۇ ئاتالغۇ دۇنيادا ئەڭ قەدىمىي مىللەت دەپ ئاتىلىدىغان ئىندىيانلارنىڭ تىلىدا، خۇددى ئۇيغۇر تىلىدىكى ’ئۇدۇم‘ دېگەن سۆزگە ئوخشاش خاراكتېر ، ‹باغلىنىش›، ‹مۇناسىۋەت› دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق قەدىمكى توتېم ئالامەتلىرىنى بەزى ئالىملار ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي دىن- ئېتىقادى دەپمۇ قاراپ كەلمەكتە.

(2) سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى مۇخبىر ئەزاسى، تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىكى ب ئا لىتىۋېنىسكى بىلەن قەدىمكى تۈركىي ۋە ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرى مۇتەخەسسىسى س گ كلياشتورنىيلارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى تەتقىقات گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تەييارلاپ 1999 -يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»غا قاراڭ.

ۋىكى ئېنسىكلوپېدىيەسىدە بايان قىلىنىشچە، توتېم تەتقىقاتچىلىرى بۆرە جەمئىيىتىنى ناھايىتى تەپسىلىي كۆزەتكەن. ئۇلارنىڭ بايقىشىچە، بۆرە جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي تەشكىلاتى بىر جۈپ بۆرە ياكى ئۆزىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر ئۇرۇقداش (ئائىلىۋى) توپ. ئادەتتە بۇنداق بۆرە توپىنىڭ ئەزالىرىنىڭ سانى بەشتىن ئون بىر گىچە. ئۇنىڭدا بىردىن ئىككىگىچە چوڭ بۆرە، ئۈچتىن ئالتىگىچە ياش بۆرە، بىردىن ئۈچكىچە كىچىك بۆرە بار. بۆرە جەمئىيىتىدە ئەزالىرى 40 تىن ئاشقان چوڭ توپلارمۇ بار. ھەر بىر بۆرە توپىغا سىرتتىن قوبۇل قىلىنىدىغان ئەزانىڭ يېشى 1بىر ياشتىن ئۈچ ياشقىچە بولىدۇ. ئۇلار ناھايىتى قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتۈشى كېرەك. بۆرە توپلىرى ئادەتتە ئوۋ كۆپ جايلاردا ياكى ھايۋانات دۇنياسىدا كۆچ-كۆچ بولغان ۋاقىتتا ياكى تۇغۇت مەۋسۇمىدە ئۆز-ئارا جەڭ قىلىشتىن ساقلىنىپ، ھەمكارلىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەمما ھەر بىر توپىنىڭ تېررىتورىيە كۆز قارىشى ناھايىتى كۈچلۈك. باشقىلارنىڭ ئۆز زېمىنىغا كىرىشىنى تاجاۋۇز دەپ ھېسابلايدۇ، بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە ھايات-ماماتلىق ئۇرۇشتىن ئۆزگە مۇرەسسە يوق. ئامېرىكىنىڭ ئالاسكا ئىشتاتىدىكى بىر چوڭ بۆرە توپىنىڭ زېمىنى 6272 كۋادىرات كىلومېتىر. بۇ توپىنىڭ بۆرىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىزىنى 240 مېتىر يىراقلىقتىن ھىد پۇراپ پەرق ئېتەلەيدۇ. ھەر بىر بۆرە ھەر كۈنى ئاز دېگەندە 25 كىلومېتىر يول يۈرۈپ ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. بۆرە ئۆلسە ئاساسەن ئوۋ ئوۋلىغاندا ياكى باشقا يىرتقۇچلار بىلەن ئېلىشىشتا ياكى باشقا بۆرىلەر توپى بىلەن يۈز بەرگەن زېمىن -دائىرە ئۇرۇشىدا ئۆلىدۇ.

قەدىمكى زاماندا تارىم ئويمانلىقىدا ئۇيغۇرلاردىن باشقا ساك، توخرى قاتارلىق قوۋملارنىڭ بۆرىنى توتېم قىلغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر يوق. ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، تارىم ئويمانلىقىدا پەقەت ئۇيغۇر قوۋملىرىلا بۆرىنى ئۆزلىرىنىڭ توتېمى قىلىپ قوللانغان. قەدىمكى زاماندا، ئۇيغۇرلار باشقا توپلار بىلەن ئىجتىمائىي رىقابەتتە غالىب ئورۇندا تۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىگە خاس ئۇد-مىجەز (ھەرىكەت شەكلى) يېتىلدۈرۈشتە بۆرىلەرنىڭ توپ بولۇش ۋە توپلىشىپ ھەرىكەت قىلىش شەكلىنى تاللىۋالغان. ئۇيغۇرچە ئەدەبىي تەسۋىرلەردە، بۆرە ئۇيغۇرلارنى ئەڭ گۈزەل بوستانلىقلارغا يول باشلاپ ئېلىپ كەلگەن دېگەندەك سىرلىق تۈس ئالغان قىزىقارلىق رىۋايەتلەر، بۆرە ئوبرازىنى ئۆزىنىڭ دۆلەت بەلگىسى، مىللەت بەلگىسى، ئارمىيە بەلگىسى قىلغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىرىنى بۆرە ئوبرازى بىلەن ئۇلۇغلايدىغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىلەر ۋە تام رەسىملىرى بار. چەرچەندىن تېپىلغان بۆرە نۇسخىلىق ياغاچ قوتا بۇنىڭ بىر ماددىي ئىسپاتى.■

مۇھەررىرى: دوكتور نۇرئەھمەت قۇربان

پروف. دوكتور ئالىمجان ئىنايەت

# تېو-ئىستراتېگىيە ۋە مىسسىيونېرلىق نۇقتىسىدىن شەرقىي تۈركىستان

تېو-ئىستراتېگىيە پروف. دوكتور نادىم ماجىت ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى بىر ئۇقۇم بولۇپ، بۇ ئۇقۇمنى تار مەنىدە "تەڭرى ئىستراتېگىيەسى" ياكى "تەڭرى پىلانى، ئىلاھى پىلان" دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. كەڭ مەنىدە دىنىنىڭ سىياسىي ۋە ئىستراتېگىيەلىك مەنىسى، قىممىتى، قوللىنىلىشى ۋە كۈچ بەرپا قىلىش شەكىل ۋە ئۇسۇللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نادىم ئەپەندى بۇ ئۇقۇمغا مۇنداق تەبىر بەرگەن: "تېو-ئىستراتېگىيە ئېتىقاد ۋە كۈلتۈر جۇغراپىيەسىنى كۈچكە ئايلاندۇرۇش، ئېتىقاد ۋە كۈلتۈر قىممەتلىرى ئارقىلىق پەرقلىق دىن ۋە كۈلتۈر ساھەلىرىنى ئۆزگە قارىتىۋېلىشتىن ئىبارەت. "ھازىر بۇ ئۇقۇم تۈركىيەدە دىنىنىڭ دۇنيا سىستېمىلىرى، يەنى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت سىستېمىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئانالىز ۋە تەتقىق قىلىشتا كەڭ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

خرىستىيان دۇنياسىدا "تەڭرىنىڭ پادىشاھلىقى" دېگەن بىر ئۇقۇم بولۇپ، ئېتىقاد بويىچە، ياخشىلار بىلەن يامانلار ئوتتۇرىسىدا مەيدانغا كېلىدىغان ئارماگەددون (ئاتوم ئۇرۇشى) ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەيسا مەسىھ دۇنياغا ئىككىنچى قېتىم كېلىدۇ ۋە پۈتۈن دۇنيادا تەڭرىنىڭ پادىشاھلىقى قۇرۇلىدۇ. پۈتۈن ئىنسانىيەت تەڭرىنىڭ پادىشاھلىقى ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مەسىھ دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن ئىنجىلنىڭ پۈتۈن مىللەتلەرگە يەتكۈزۈلۈشى كېرەك . شۇڭا ئىلاھى ۋەزىپە بولغان مىسسىيونېرلىق مەسىھنىڭ ئىككىنچى قېتىم كېلىشىگە قەدەر داۋاملىشىشى لازىم. مىسسىيونېرلار بۇ ئىلاھى پىلان بويىچە باشقا دۆلەت ۋە مىللەتلەرنى ئالدى بىلەن ئورتاق بىر ئېتىقاد ئەتراپىدا بىرلەشتۈرۈشكە، ئارقىدىن بۇلارنى خرىستىيان ھاكىمىيىتىگە كىرگۈزۈشكە تىرىشىدۇ.


ئەمەلىيەتتە بۇ يەردىكى خرىستىيان ھاكىمىيىتى غەرب كاپىتالىست ۋە ئىمپېرىيالىستلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى بولۇپ، خرىستىيانلاشتۇرۇلغان مىللەتلەر ئەينى ۋاقىتتا غەربنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت سىستېمىسىغا، بۇ سىستېمىنىڭ قانۇن ۋە قائىدىلىرىگە بويسۇندۇرۇلغان بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا،

www.uygurkitap.com



مىسسىيونېرلىق پائالىيەتلىرى دىنىي-سىياسىي ۋە ئىستراتېگىيەلىك پائالىيەتلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىلىم ساھەسىدە "شەرقشۇناسلىق" دەپ ئاتىلىدىغان "ئورىيانتالىزم" غەربلىكلەر شەرق مىللەتلىرىنى خىرىستىيانلاشتۇرۇش مەقسىتىدە تۈزۈلگەن ئەڭ بۇرۇنقى تېبو-ئىستراتېگىيە ئىدى. شەرقىي تۈركىستان بۇ تېبو-ئىستراتېگىيە ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن رايونلارنىڭ بىرى. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 -ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدا ئەنگلىيەلىك، جەنۇبىدا شۋېتسىيەلىك مىسسىيونېرلار ناھايىتى جىددىي مىسسىيونېرلىك پائالىيەتلىرى ئېلىپ بارغان. ئۇ مەزگىلدە نەشر قىلىنغان بەزى ماتېرىياللارغا قارايدىغان بولساق، مىسسىيونېرلارنىڭ بۇ پائالىيەت ئۈچۈن قانچىلىك چوڭ مەبلەغ ۋە ئادەم كۈچى سەرپ قىلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بۇ ماتېرىياللارنىڭ بىر قىسمى تۆۋەندىكىچە:



بۇ كىتاب ۋە ماتېرىياللارنى ئىنگلىزچىدىن، ئەرەبچىدىن ۋە باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىلار ئاساسەن چەتئەللىكلەر بولغان. ئۇيغۇرلار بۇ ئىشتا پەقەت ياردەمچى رول ئوينىغان. بۇ چەتئەللىكلەر ئۇيغۇرچىنى قاچان ۋە قانداق ئۆگەنگەن؟ مەنبەلەردىن قارىغاندا، 15- ۋە 16 - ئەسىردىن باشلاپ ۋاتىكان ھۆكۈمىتى دۇنيانىڭ پۈتۈن تىللىرىنى بىلىدىغان فىلولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە باشلىغان. 20- ئەسىرنىڭ بېشىدا قەشقەردە ئۇيغۇرچىنى مۇكەممەل بىلىدىغان چەتئەللىكلەرنىڭ بولۇشى بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ئانچە ھەيران قالارلىق ئەمەس.

يۇقىرىدىكى ئەسەرلەردە ئىسا مەسىھنىڭ بويۇنتۇرۇقىغا كىرمىگەنلەر تەڭرىنىڭ پادىشاھلىقىدا ئورۇن ئالالمايدۇ ۋە جەننەتكە كىرەلمەيدۇ دېگەن ئىدىيە تەرغىب قىلىنغان.

غەرب مىسسىيونېرلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى مىسسىيونېرلىك پائالىيىتىنى كېيىنكى مەزگىللەردىمۇ ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان. كۈنىمىزدە غەرب مىسسىيونېرلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ۋە ئوچۇق ئاشكارا ئېلىپ بارماقتا. 2009 - يىلى شەرقىي تۈركىستاندا "خرىستىيان دىنى ۋە كاتولىك مەزھىپىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ھەققىدە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات (基督教，天主教在新疆的传播及现状调查与研究)" ناملىق تەستىق نومۇرى: 08027، خۇلاسە دوكلات نومۇرى 2010430 : بولغان پىلان يۈرگۈزۈلگەن. بۇ پىلاننىڭ خۇلاسە دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا 1950 - يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندا كاتولىك مۇرىتلىرىنىڭ سانى ئاران 300 كىشى ئىدى. 1980 - يىللاردىن، بولۇپمۇ 1990 - يىللاردا كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئەركىنلىك سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلىشى نەتىجىسىدە كاتولىك مەزھىپى تېز كېڭىيىپ، 2009 - يىلىغا كەلگەندە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا كاتولىك مۇرىتلىرىنىڭ سانى 7000 كىشىگە يەتكەن. خرىستىيانلار 1960 - يىللاردا 1400 كىشى ئىدى. 1985 - ۋە 1992 - يىللىرىدا بۇ رەقەم 10000 دىن ئېشىپ كەتكەن.1998 - ۋە 2000 - يىللىرىدا خرىستىيان مۇرىتلىرى 10000 كىشىدىن ئىككى ھەسسە كۆپەيگەن. 2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا 326 چېركاۋ بولۇپ، بۇلاردىن 123 رۇخسەتلىك، 203 رۇخسەتسىز ئېچىلغان. خرىستىيان مۇرىتلىرىنىڭ سانى 43300 بولغان.

بولاردىن 12505 كىشى بىگتونگە تەۋە كىشىلەردۇر. خرىستىيان مۇرتلىرىنىڭ سانى2007 - يىلدا 80000 ئەتراپىدا تەخمىن قىلىنغان. يەنى 3 يىلدا بىر ھەسسە كۆپەيگەن. بۇ سۈرەت بىلەن كۆپىيىدىغان بولسا، 2007 -2013- يىللىرى ئارىسىدا بۇ رەقەم 10000 دىن ئېشىپ كەتكەن بولىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا خرىستىيانلىق ئاساسەن خىتايلار ئارىسىدا تارقالغان. ئۈرۈمچى ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ خرىستىيان دىنى تەرغىب قىلىنغان. قەشقەردە خرىستىيانلارنىڭ ھۆكۈمەت ئەنگە ئالغان 15 توپلىنىش ئورنى بار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەنگە ئېلىنمىغان، رۇخسەتسىز جەمئىيەت ۋە تەشكىلاتلارمۇ يوق ئەمەس.مىسسىيونېرلار بۈگۈن شەرقىي تۈركىستاندا ئوقۇتقۇچى، دوكتور، سودىگەر كىملىكى ئاستىدا ئۆيدە دىنى مۇراسىم تەرتىپلەش، تىل ئۆگىنىش كۇرسلىرى ئېچىش، ئوقۇغۇچىلارغا چەتئەلدە ئوقۇش ئىمكانلىرى يارىتىپ بېرىش، كەمبەغەللەرگە ماددىي ياردەم بېرىش ئارقىلىق خرىستىيانلىقنى تەشۋىق قىلماقتا.

بۈگۈنكى كۈندە، مىسسىيونېرلار بۇرۇنقى ”تەڭرى پادشاھلىقى“ دېگەن دىنىي ئۇقۇمنى ”يەر شارىلىشىش“، ”دۇنيا دۆلىتى“، ”يېڭى دۇنيا تۈزۈمى“، «ئىنسان ھەقلىرى»، «دېموكراتىيە» دېگەن تەلەپپۇزلارغا ئۆزگەرتىپ ھەرىكەت قىلماقتا. بۇ ئۇقۇم ۋە تەلەپپۇزلارغا خرىستىيان غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيەلىك كۆزقارىشى، ئىرادىسى، نىشان-غايىلىرى سىڭدۈرۈلگەن. سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن دۇنيا بىلەن پۈتۈنلىشىش ياكى بىر گەۋدىگە ئايلىنىش دەپ تەرىپ قىلىشقا بولىدىغان يەر شارىلىشىش ئەسلىدە بىر تېبو-ئىستراتېگىيەلىك مودېلدۇر. يەر شارىلىشىش دۆلەتلەرنى مىللىي مۇستەقىللىقىدىن، مىللەتلەرنى مىللىي ئەنئەنە ۋە مەدەنىيىتىدىن يىراقلاشتۇرۇپ خرىستىيان ئاساسىدىكى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ نوپۇز ساھەسىگە ئېلىپ كىرمەكتە. شۇڭا بۈگۈن ئۇيغۇرلار بىر تەرەپتىن يەر شارىلىشىش تەھلىكىسىگە، يەنە بىر تەرەپتىن خىتاينىڭ ئاسسىمىلياتسىيە تەھلىكىسىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ.

خىتاي ھاكىمىيىتى بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ۋە ئىبادەتلىرىگە رەھىمسىزلەرچە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خرىستىيان دىنىنىڭ تارقىلىشىغا يول ئېچىپ بېرىۋاتىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ غەربلىكلەر دىن تارقىتىش ئارقىلىق دىنىي نوپۇز ساھەسىنى كېڭەيتىشنى

كۆزلىگەن بولسا، خىتاي ھاكىمىيىتى ئۇيغۇر خەلقىنى ئىسلام ئېتىقادىدىن يىراقلاشتۇرۇپ مىللىي كىملىكىنى ئاجىزلاشتۇرۇشنى ۋە بۇ ئارقىلىق تېخىمۇ ئاسان ۋە تېز ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش نىشانىغا يېتىشنى كۆزلەۋاتقان بولسا كېرەك. ‹ئۇيغۇربىز› تورىدا 2013 - يىلى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى نەقىل قىلغان ئەنگلىيەدە چىقىدىغان گاردىيان گېزىتى: (خىتاي مەقسەتلىك ھالدا خرىستىيان دىنىنىڭ تىبەتتە تارقىلىشىغا سەۋر قىلماقتا) “英国«卫报»：中国有意容忍基督教在西藏传播” ناملىق خەۋەر خىتاينىڭ بۇ نىيىتىدىن بېشارەت بېرىلگەن. غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئۇيغۇر ۋە تىبەت خەلقىنىڭ دىنىي ئەركىنلىكى ھەققىدە خىتايغا قاراتقان بېسىمى مەزكۇر خەلقلەردىن كۆپرەك مىسسىيونېرلارغا پايدا ئېلىپ كەلمەكتە.

يەكۈنلەپ ئېيتقاندا، نۆۋەتتە دۇنيادا مەيدانغا كېلىۋاتقان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ۋەقەلەرنىڭ تېگى تەكتىدە تېئو-ئىستراتېگىيە بارلىقىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز، ئەتراپىمىزدا مەيدانغا كېلىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى تەھلىل قىلغاندا، مەسىلىنىڭ تېئو-ئىستراتېگىيەلىك تەرىپىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەك. ■

مۇھەررىرى: ئادىل يۈسۈپ

## پايدىلانمىلار:


Majit, Nadim, İmparatorluk Politikalarında Teo-Stratejiler ve Türkiye, 4. baskı, Berikan Yayınevi, Ankara, 2009.

........, İmparatorluk Politikalarında Teo-Stratejiler ve Türkiye, Fark Yayınevleri, Ankara, 2008.

.........., DÜNYA-DİL SİSTEMİ VE DİNİ SÖYLEM, Laik-Demokratik Sistem ve Teolojİ, Sarkaç Yayınları, Ankara, 2010.

..........., ÖTEKİ DİN Üretenler ve Yönetenler, Berikan yayınvei, Ankara, 2010.

木拉提•黑尼亚提， 近代西方内地会传教士在新疆的活动[J]， 西域研究，2001年04期

Tang Shimin, 基督教在新疆的傳播， 新疆社科院宗教研究所，ptth://www.ssajx.2008 .11 .05) moc)

基督教，天主教在新疆的传播及现状调查与研究 (http://kyc.xjnu.edu.cn/s/40/t/49/93/e9/info37865.htm)

魏长洪，近代西方传教士在新疆[J]，新疆大学学报（哲学社会科学版），1989年03期

www.uyghurkitap.com

شىنمېن ياسۇشى (ياپونىيە)

# شەرقىي تۈركىستانلىقلار نەزىرىدىكى جۇڭگو[1]

ئۆمەرجان نۇرى تەرجىمىسى

## 1 - تېما ھەققىدە

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتى[2]نىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قىلىپ، تارىم ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردا ياشاۋاتقان تۈركىي مۇسۇلمانلار جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان ئۇيغۇر قىلىپ ھازىرقى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئىدارىسىگە كىرگۈزۈلدى. ھازىر ئۇلارنى جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ‹ۋەتەن› دەپ ھېس قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ، دەپ قارىلىۋاتىدۇ. يەنە جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نەزىرىدە ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ بىر ئەزاسى، دېگەن كەڭ تارقالغان كۆزقاراش ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانمىش.

ئەمما، شەرقىي تۈركىستان 18 - ئەسىردە مانجۇلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، خاقانى مەركەز قىلغان، ئەتراپىدىكى ھەر خىل مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مانجۇ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تېررىتورىيەسىگە كىرگۈزۈلگەنىدى. مانجۇلارنىڭ دۆلىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ زېمىنىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ۋە تەۋەلىكىدىكى مىللەتلەرنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ شەكىللەنگەن جۇڭگو جۇمھۇرىيىتىمۇ بۇ زېمىننى ئەزەلدىن تۇپرىقىمىزنىڭ بىر قىسمى ئىدى ، دەپ قارايدۇ. بۇنداق تارىخىي جەريانلار بىزنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا باغلاپ ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

---

(1) ‹جۇڭگو جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت›، 9. سان، 1994 - يىلى 4 - ئايدىكى سانى، 31-15. بەتلەردىن.
「東トルキスタンから見た中国」『中国：社会と文化』, 第9号，1994年6月，pp. 15-31。

(2) بۇ ماقالىنىڭ تەرجىمىسىدە مەزمۇن ئېھتىياجىغا ئاساسەن مىللەتچى جۇڭگو قۇرغان ‹جۇڭخۇا مىنگو›نى ‹جۇڭگو جۇمھۇرىيىتى› دەپ، كوممۇنىست جۇڭگو قۇرغانى بولسا ‹جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتى› دەپ ئالدۇق. ئۇيغۇرلارنى ‹تۈركىي مۇسۇلمان› دەپ ئاتىغان، بۇ نامنى ئۆزگەرتمەي ئالدۇق.

لېكىن، بۇ تۇپراقلار 10-9 - ئەسىردىن باشلاپ تۈركىيلەشكەن، ئىسلاملاشقان بولۇپ، مانجۇلار بويسۇندۇرۇشتىن ئىلگىرى تۈركىي مۇسۇلمانلار بۇ تۇپراقنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى ئىدى . يەنى، مانجۇ ياكى چىن جۇمھۇرىيىتىدىكى كىشىلەر ھەم ئۇلار ئەۋەتكەن ئەمەلدارلار نەزىرىدە تىل، مەدەنىيەت ۋە دىن جەھەتتىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان بۇ تۇپراق مانجۇلارنىڭ ئىستېلا پۇرسىتىدە مانجۇلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، ئاندىن چىن جۇمھۇرىيىتىنىڭ زېمىنى بولۇپ قالغان. بولۇپمۇ، ئۇلارنىڭ 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا چىنغا قارشى قوزغالغان قوزغىلاڭلارنى نەزەرگە ئېلىپ، ھازىرقى ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرساق، مانجۇلار ۋە چىن جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قانچىلىك ئورۇن تۇتىدىغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ. ئەمما بۇ مەسىلە ئانچە ئاسانمۇ ئېنىقلانمايدۇ.

شۇڭا، بۇ ماقالەمدە شەرقىي تۈركىستان بوستانلىقلىرىدا ياشاۋاتقان تۈركىي مۇسۇلمانلار مانجۇ ۋە چىن جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە بۇ ھۆكۈمەتلەرگە قانداق نەزەر بىلەن قارىغان؟ مانجۇلار ۋە چىن جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بىلەن سىياسىي سىستېمىسىغا قانداق قارىغان؟ دېگەن مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىمەن. تارىخى جەريانلارنى خۇلاسىلىگەندە بۇ تۇپراقنىڭ چىن خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ قالغان ھازىرقى ھالىتى، يەنى چېگرا رايونلاردىكى كۆپ خىل مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چىن خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى تارىخى قاراش بويىچە چۈشەنگەندە بىر نېمىنى كۆرسىتىپ بېرەلمىسىمۇ، تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. كونكرېتنى قىلىپ ئېيتقاندا، موللا مۇسا سايرامىنىڭ ‹تارىخى ئەمنىيە› ۋە ‹تارىخى ھەمىدى› ناملىق ئىككى ئەسىرى بىلەن مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ ‹شەرقىي تۈركىستان تارىخى› ناملىق ئەسىرى يەرلىك تۈركى مۇسۇلمانلار يازغان ۋەكىللىك تارىخى ئەسەرلەردۇر. بۇ ئەسەرلەر 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مانجۇلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى تۈركىي مۇسۇلمانلارنىڭ قوزغىلاڭلىرى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر تەرىپىدىن قوزغىلاڭدىن كېيىن يېزىلىش بىلەن بىرگە تارىم ئەتراپىدىكى بوستانلىقلارنىڭ تارىخىنى قەدىمدىن باشلاپ مەزكۇر ئەسەر يېزىلغانغا قەدەر بولغان تارىخى ئۆزگىچە ئۇسلۇب بىلەن يېزىلغاچقا تەتقىقاتىمىزدا پايدىلىق مەنبە بولالايدۇ، دەپ ئويلايمەن.

يەنە ماقالەمدىكى مۇنداق ئۈچ نۇقتا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

1 - بۇ تارىخى ئەسەرلەردە مانجۇلار ياكى چىن جۇمھۇرىيىتى قانداق نەزەر بىلەن قارالغان؟ يەنى بۇ ئەسەرلەردە مۇئەللىپنىڭ تەسۋىرىدىكى ئۆز ماكانى ۋە خەلقىگە ئۆز ‹تارىخى› دا قانداق ئورۇن بېرىلگەن؟

2 - مانجۇلار ياكى چىن جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمرانلىقىنى قانداق تونۇپ ، قانداق باھا بەرگەن؟ بۇلار مۇئەللىپنىڭ ئۆز تونۇشى ۋە پرىنسىپى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

3 - چىن خەلق جۇمھۇرىيىتىدە ‹ۋەتەن› نى چىن خەلق جۇمھۇرىيىتى دەپ بىلىدىغان ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇيغۇرلار تارىخىنى چىن تارىخىنىڭ بىر قىسمى دەپ بىلىدىغان ئۇيغۇرلار زادى قانچىلىك؟ بۇنداق چۈشەنچىلەردىكىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا 1-، 2- نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرغىلى، بۇ ئەسەرلەردە مۇئەللىپنىڭ تارىخنى بايان قىلىش ئالاھىدىلىكىدە قانداق ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدۇ.

**2- ‹تارىخى ئەمنىيە› (مانجۇلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرى)**

تارىم ئەتراپىدىكى بوستانلىقلارنىڭ قەدىمدە ئاساسەن ئۆز تەۋەلىكىدە بىرلىككە كەلگەن كۈچلۈك سىياسىي ھاكىمىيەت قۇرۇشقا ئىمكانىيىتى يوقتى. شۇڭا كۆپىنچە شىمالدىكى كۆچمەن-چارۋىچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ كەلگەنىدى. شىمالدىكى كۆچمەن-چارۋىچىلار بىلەن جەنۇبتىكى مۇقىم ئولتۇراقلاشقان خەلق ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل ھالەت ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى مۇھىم قانۇنىيەتتۇر. شۇڭا، تارىختىكى چىن ھاكىمىيەتلىرى سىياسىي كۈچى كۈچەيگەندە ئەتراپىدىكى قوشنىلىرىنى ۋە ئاتالمىش ‹غەربىي يۇرت› نى ئۆزىنىڭ سىياسىي سىستېمىسىغا كىرگۈزۈۋالاتتى. بولۇپمۇ مانجۇلار چىنلىقلارنىڭ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بوستانلىق ھۆكۈمرانلىرى پەقەت سالامغىلا كېلىدىغان بۇ تۇپراقلارنى 18 - ئەسىردە ئىستېلا قىلىپ، ئۆز تېررىتورىيەسى تەۋەلىكىگە كىرگۈزۈۋالدى.

مانجۇلار بۇ تۇپراقلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان(3) دا، مەركەز ئەۋەتكەن ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلەرنى مۇھىم جايلاردا تۇرغۇزۇپ، خەلقنى تۈركىي مۇسۇلمانلاردىن چىققان ھاكىمبەگلەرگە ئىدارە قىلدۇرغۇزۇپ، مەمۇرىي جەھەتتىن ‹بەگلىك›

(3) خانېدا ئاكىرا: ‹مانجۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۆكۈمرانلىق سىياستى›(ئورتا ئاسىيا تارىخى ھەققىدە تەتقىقات، رېنكاي كىتابخانىسى، 1982)

تۈزۈمنى يۈرگۈزگەن[4]. مانجۇلار يەرلىك تۈركى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ئارىلاشمىغاندەك يېڭىدىن شەھەر قۇرۇپ، ئايرىلىپ تۇرغان، تۈركى مۇسۇلمانلارنى ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ، شەرىئەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى ئۆزۈل-كېسىل ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنمىغان بولسىمۇ، تۈركى مۇسۇلمانلار كاپىر مانجۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى جىھاد قىلىشنىڭ ئۆزىگە پەرز ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغان.

مانجۇلار ئۇيغۇر بەگلەرگە ۋاڭ - گوڭلۇق ئاتىقىنى مىراس قىلىپ بېرىپ ، ئۇلاردىن پايدىلىنىش تۈزۈمىنى كەشىپ قىلغان. بەگلەرنىڭ بىر قىسمى مانجۇ خاقانىنىڭ رەسمىگە تازىم قىلىپ، چىنچە كىيىملەرنى كىيىپ، چىنچە سۆزلەپ، چىنىنىڭ مەركىزىدىكى مەدەنىي ۋە سىياسىي ئالاھىدىلىكلەرنى قوبۇل قىلغانىدى[5]. ئەمما، ئۇلار كاپىر ھۆكۈمدارغا ئەگەشسىمۇ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى نوپۇزىنى ساقلاپ قالغانلىقتىن شەرىئەت ئارقىلىق مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى ئىدارە قىلىش رولىنى ئوينىغان[6].

ئۇلارنىڭ بۇنداق ئىككى تەرەپلىمىلىكى مانجۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسىغا سىڭىش بىلەن بىرگە، مۇسۇلمانلار ئارىسىغىمۇ سىڭىپ كىرىپ پەرقلىق ئىككى مەدەنىي دۇنيانى قالايمىقانلاشتۇرغانلىقى، ئەينى چاغدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالىدا ئەكس ئەتكەن. شۇڭا، 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا پارتىلىغان قوزغىلاڭلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى مانجۇ ئەمەلدارلار بىلەن يەرلىك بەگلەر بىرلىشىپ ‹ئىككى قات قىلىپ خەلقنى ئەزگەن› لىكى سەۋەب بولۇپ، خەلق نەزىرىدە ھۆكۈمدارلارغا قارشى جىھاد قىلىشنىڭ ئاساسى شەكىللىنىپ بولغانىدى[7]. شۇڭا، بۇ قوزغىلاڭلار نەتىجىدە مانجۇ ھۆكۈمرانلىقىنى بىردەمدىلا سۈپۈرۈپ تاشلاپ، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى، قوزغىلاڭچىلار ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت قۇرالىغان بولسىمۇ، ھەربىي جەھەتتىن بىرلىككە كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن قوقەندتىن كەلگەن ياقۇپبەگ ھەممىنى ئولجا ئېلىپ مەززىسىنى سۈرگەن. مانجۇلار 1876 - يىلى شەرقىي تۈركىستانغا قوشۇن ئەۋەتىپ، 1878 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننى تولۇق ئىلكىگە

---

(4) ساگۇچى تورۇ: ‹19-18. ئەسىرلەردىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەمئىيەت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات›(يوشىگاۋا خىروفۇمىكان 1963. يىلى نەشرى، 3.باب )

(5) Fletcher, J: Ch’ing İnner Asia Cambridge History of China, vol.10, Cambridge, 1978, pp 79.

(6) خامادا ماسامى: ‹تۈز ھەققى بىلەن جىھادنىڭ ئارىسىدا›، (مەشرىق تارىخى ھەققىدە تەتقىقات، 1993، 2-52.سان. 284.بەت)

(7) يۇقىرىقى ماقالە، 294-293.بەتلەر

www.uyghurkitap.com

ئالىدۇ[8]. موللا مۇسا سايرامىنىڭ ‹تارىخى ئەمنىيە› بىلەن ‹تارىخى ھەمىدى› مانجۇلار جەمئىيەتنى تىنچىتىپ، ھۆكۈمرانلىقى ئەسلىگە كەلگەن چاغدا يېزىلغان.

موللا مۇسا سايرامى ئەسلى كۇچاردا مەدرىسە تاماملىغان ئۆلىما بولۇپ، 1864 - يىلى كۇچاردىكى قوزغىلاڭ تەرەققىي قىلىۋاتقاندا قوزغىلاڭغا قاتنىشىپ، ئەمەل تۇتقان. ياقۇپبەگ دەۋرىدە زاكاتچىبەگنىڭ قولىدا كاتىپلىق قىلغان. مانجۇلار دەۋرىدە پۇقرا بولۇپ ياشىغان. ئۇنىڭ ‹تارىخى ئەمنىيە› دېگەن ئەسىرى 1905 - يىلى قازاندا نەشرى قىلىنغان[9]. موللا مۇسا سايرامى يەنە ‹تارىخى ئەمنىيە› ئاساسىدا تېخىمۇ تەپسىلىي قىلىپ ‹تارىخى ھەمىدى› نى يېزىپ چىققان[10]. بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازما نۇسخىسىغا ئاساسەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىدا ئۆزلەشتۈرۈپ بېيجىڭدا نەشرى قىلىنغان[11]. شۇڭا مەن ماقالەمدە ‹تارىخى ئەمنىيە›نى ئاساس قىلىپ، ‹تارىخى ھەمىدى› دىنمۇ پايدىلىنىپ، تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك پاكىتلارنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىمەن.

‹تارىخى ئەمنىيە› دە ئاساسەن تارىم ۋادىسىكى بوستانلىقلاردىن يەتتە شەھەرنىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالام زامانىدىن مانجۇلار قايتا قولىغا ئالغۇچە بولغان تارىخىنى تۆت بۆلۈمگە ئايرىپ بايان قىلغان. 1- بۆلۈم (دىباچە) دە يەتتە شەھەرنى مانجۇلار قايتا قولىغا ئالغۇچە بولغان تارىخنى ئەپسانىۋى ئۇسلۇبتا بايان قىلغان[12]. بۇ جەرياندا چىڭگىزخان ۋە تۆمۈرنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ، چىندىكى سۇلالىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بايانلار ئۇچرىمايدۇ. يەتتە شەھەرنى مانجۇلار قايتا قولىغا ئالغاندىن باشلاپ مانجۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بايانلاردا ‹خاقانى چىن›، ‹خاقان چېرىكلىرى› ۋە ‹خاقان ئەمەلدارلىرى› دېگەنناملار ئۇچرايدۇ . ‹چىن› پارسچە سۆز بولۇپ، ‹جۇڭگو ›نى كۆرسىتىدۇ. ‹خاقان› بولسا ‹خان› دېگەن ئاتاق بىلەن ئوخشاش مەنىدە. ‹خاقانى چىن› ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى، ئەمەلدارلىرى ‹كاپىر› دېگەن مەنىدە دەپ

(8) ياقۇپبەگنىڭ ھاكىمىيتى ھەققىدە: ‹ياقۇپبەگ ھاكىمىيتىنىڭ ماھىيتىگە نەزەر›، (تارىخ ئىلمىي ژۇرنىلى ، 1987، 4.سان) دېگەن ماقالەمگە قاراڭ.

(9) موللا مۇسا سايرامى‹ تارىخى ئەمنىيە›، (1905. قازان)

(10) ‹تارىخى ئەمنىيە› بىلەن ‹تارىخى ھەمىدى› سېلىشتۇرۇلمىسى ھەققىدە خامادا ماسامىنىڭ ‹19. ئەسىردىكى ئۇيغۇر تارىخى ھۆججەتلىرىگە مۇقەددىمە›، (شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلى ،1983 ، 53. سان،386-384 . بەتلەر) دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

(11) موللا مۇسا سايرامى: ‹**تارىخى ھەمىدى**›، ١٩٨٦، مىللەتلەر نەشرىياتى.

(12) ‹دىباچە› دىكى تارىخى بايانىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە، سانادا ياسۇشى يازغان :‹تارىخى ھەمىدىنىڭ دىباچەسىدىكى شەرقىي تۈركىستان تارىخىغا ئائىت بىرقانچە مەسىلە›، (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەتقىقات جەمئىيتى نەشرى ئەپكارى، گۈلباغ، 1992.توكيو) دېگەن ماقالىسىغا قاراڭ.

چۈشىنىلگەن ‹خىتاي› نامى بىلەن بىرگە مەيدانغا چىققان. بۇنىڭغا قارىغاندا، ‹خىتاي› دېگەن نام ‹خاقانى چىن›نىڭ چېرىكلىرى ۋە ئەمەلدارلىرى بىلەنلا قالماي، ‹ خاقانى چىن› ئاستانىسى بېيجىڭنى مەركەز قىلغان، چىنلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق كاپىرلارنى كۆرسىتىدىكەن. ‹تارىخى ئەمنىيە›دە ‹خاقانى چىن› ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەن ‹تاڭۋاڭخان›دىن باشقا مانجۇ خانلىرىنى كۆرسىتىدۇ، دېيىشىمۇ تەس. لېكىن، ‹تارىخى ھەمىدى›دە ‹خاقانى چىن› تارىخنامىلىرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، خىتايلارنىڭ تارىخىدا 254 خاننىڭ 4800 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى، بىر نەچچە سۇلالە، خاننىڭ ئىسمى، سەلتەنەت يىلى، خانلارنىڭ سانىنى قوشۇپ قويغان. ئاخىرقى 25. سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى، كىتابنى يېزىۋاتقان چاغقىچە داۋاملىشىۋاتقان خانلىقنى ‹دا چىڭ (大清)›، دەپ ئاتىغان[13]. سۇلالە ۋە خانلارنى بىرلەشتۈرۈپ بايان قىلىپ، خىتاينى ‹كاپىر› دەپ، رەسمىي تارىخقا ئۇيغۇن ئۇسلۇبتا بايان قىلغان بولسىمۇ، يەتتە شەھەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغانلار ئارىسىدا قۇبلايخاننىڭ بېيجىڭنى ئىستېلا قىلغانلىقى كىرگۈزۈلۈپ، ئۇنى ‹خىتاي خانلار›دىن، دەپ ھېسابلىغان. ھەتتا، مانجۇ خانىنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ 3. ئوغلى، ياپەسنىڭ 2. ئوغلى، چىننىڭ ئوغلى، ماچىننىڭ ئەۋلادلىرى دەپ، تۈركنىڭ ئەۋلادلىرىدىن پەرقلەندۈرگەن. بۇنداق ئەھۋال ‹خاقانى چىن›نى  يەتتە شەھەر بىلەن زىچ باغلىغان بولۇپ، مانجۇ ئىستېلاسىدىن كېيىنكى ۋەقەلەر بايانىدا ئۇچرايدۇ . بولۇپمۇ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەھۋالى ۋە باستۇرۇلۇشى، مانجۇلارنىڭ قولىغا ئۆتىشى ۋە ‹خاقانى چىن›نىڭ ئىقلىمى تەپسىلىي مۇنداق بايان قىلىنغان: ‹خاقانى چىن ئىقلىمىنىڭ خاقانى داۋگۇاڭ زامانلىرىدا چىن ئىقلىمىنىڭ تەۋەلىرى ناھايىتى مەمۇرچىلىق، ئەتراپ چېگرالىرى تىنچ بولغانىكەن. داۋگۇاڭ خان 32 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئاندىن شيەنفېڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا چاڭموزا دېگەن بىر گۇرۇھ خانلىق تالىشىپ ماجىرا تۇغدۇرۇپ، نۇرغۇن جەڭ ۋە جېدەللەر يۈز بېرىپتۇ. شيەنفېڭ خان 12 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن توڭجى خانلىق تەختىگە چىقىپتۇ. بۇ چاغدا تۇڭگانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ خاننىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپتۇ. توڭجى خان تەختتە ئولتۇرۇپ يەتتە يىلدىن كېيىن بۇ موڭغۇلىستان يۇرتىنىڭ كۇچا شەھىرىدىكى تۇڭگانلارمۇ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ خاقانى

(13) موللا مۇسا سايرامى: ‹تارىخى ھەمىدى›، 1986، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 76-73. بەتلەر.

www.uyghurkitap.com



چىننىڭ مەنسەپدار ۋە چېرىكلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئۆز ئالدىغا باشقا بولۇۋالدى....بۇ ئەھۋالدا ۋەزىر-ۋۇزرالار: غەربتىكى لەنجۇسېڭ قاتارلىق نۇرغۇن يۇرتلارغا تۇڭگانلار غالىب كېلىپ ئىگىدارچىلىق قىلىپ يۇرت ۋە پۇقرالارنى ۋەيران ۋە خاراب قىلىۋاتىدۇ. ئىلىخونى بېسىۋېلىپ تۇرۇپتۇ. نەنلۇ باچېڭ[14] دېگى چەنتۇلارغا غەربتىن بىر ئادەم كېلىپ پادىشاھ بولۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇلۇغ خاننىڭ دۆلەتلىرىدە بۇ تەرەپتىكى دۈشمەنلىرى يوق بولدى. ئەمدى ئەزەلدىن ئۇلۇغ خاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ كەلگەن غەربتىكى يۇرتلارغا چېرىك ئەۋەتىپ قايتۇرۇۋالساق›- دەپ ئۇلۇغ خانغا ئەرز قىلدى. ئۇلۇغ خان: ‹بىلدىم، ئۇنداق بولسا چېرىك بېرىپ مەزكۇر شەھەرلەرنى قايتۇرۇۋالسۇن. قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۇرۇشقا چىقسا ئۇرۇشۇپ ئۆلتۈرسۇن، مۇبادا ئۇرۇشماي ئەل بولسا بىزگە تەۋە بولسۇن. ئاتا-بوۋامدىن قالغان بىر فۇڭ مۈلۈك، مىراس زېمىننى 1000 چېرىكىم يوق بولغۇچە سوقۇشۇپ قايتۇرۇۋالسۇن. مەن ئۇلۇغ خان ئۇششاق پۇقرالىرىمنىڭ گۇناھلىرىغا ئەپۇ قەلىمىنى سۈرۈپ كەچۈرۈم قىلدىم›- دەپ يارلىق قىلدى. چىڭ جاڭجۈننى 40 مىڭ چېرىك بىلەن ئىلى تەرەپكە بېرىشقا يارلىق چۈشۈردى. لوشى[15] دارىننى 25 مىڭ چېرىك بىلەن نەنلۇ باچېڭغا ئەۋەتتى. بۇ مەنسەپدارلار لەنجۇسېڭغا كەلگەندە، لەنجۇسېڭنىڭ زوڭدۇسى زوڭتوڭ[16] دارىننى 20 مىڭ چېرىك بىلەن لوشى دارىنغا قوشتى....ئاقسۇدا 50 كۈن تۇرغاندىن كېيىن زۇڭتۇڭ دارىن چوڭ يول بىلەن كاشغەرگە، دوڭ دارىن[17] ياركەنتكە قاراپ يولغا چىقتى....شۇنداق قىلىپ، بۇ يەتتە شەھەر خەلقى، پۈتۈن موڭغۇلىستان يۇرتى خاقانى چىننىڭ مەنسەپدارلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى. شەرەپلىك ئىسلامنىڭ نۇرىنى قارا بۇلۇت توستى[18]دەپ، مانجۇ ئىستېلاسىنى ‹خاقانى چىن› ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئىشى قىلىپ تەسۋىرلەپ، خاننىڭ ئەجدادىدىن باشلاپ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان زېمىن ۋە خەلقنى قايتا قولغا ئالغانلىقىنى، مانجۇ ئىستېلاسى سەۋەبىدىن يەتتە شەھەردە ‹ئىسلامنىڭ نۇرىنى قارا

(14) چىنچە <جەنۇبتىكى سەككىز شەھەر> مەنىسىدە.

(15) ‹لوشەي› دەپ ئوقۇلۇشى كېرەك . ‹لوشەي› چىنچىدىكى ‹老帅› بولۇپ، زو زۇڭتاڭنى كۆرسىتىدۇ-ت.

(16) ئەينى چاغدىكى غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ باشبۇغى لىيۇ جىنتاڭ (刘锦堂) نىڭ ھەربىي مەرتىۋىسى ‹سىۋار-پىيادە لەشكەر باشبۇغى، 总统马步各营)› بولۇپ، قىسقارتىپ ‹زۇڭتۇڭ› دەپ ئاتالغان.

(17) دوڭ فۇشياڭ‹董福祥›نى كۆرسىتىدۇ،

(18) موللا مۇسا سايرامى: ‹تارىخى ئەمنىيە›، (1905. قازان)285 . بەت.

بۇلۇت تۇسغان›لىقىنى[19] بىللە يازغانلىقىغا قاراپ، مۇئەللىپتە ۋەتەن ئۈقۇمىنىڭ سۇس ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. چۈنكى، موللا مۇسا مەدرىسە تاماملىغان، تالىپلىقتىن كېلىپ چىققان موللا كىشى بولغاچقا، كاللىسىدا پەقەتلا ‹ئىسلام ئېچىش› بىلەن ‹جىھاد› قىلىشلا بولغانلىقتىن[20]، ۋەتەننى ‹چىن ئىقلىمى›دىن ئېنىق ئايرىمىغان. شۇڭا، كاپىرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغانلىقىنى، بۇنىڭ تەقدىر ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئۇنىڭ بايان قىلىشىچە، قوزغىلاڭدىن ئىلگىرى كاپىرلارنىڭ زۇلۇمىغا چىدىيالمىغان خەلق ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ، دۇئا قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھتائالا كۈچالىق چەلپەكچى خوجىنى خەلققە يېڭى ھۆكۈمدار قىلىپ ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ. كۈچار خوجىلىرى زۇلۇم قىلىشنى باشلىغاندىن كېيىن، خەلق يەنە ئاللاھقا ئىلتىجا قىلغاندا، ئاللاھ ياقۇپبەگنى قوقەندتىن ئەكېلىپ بېرىدۇ. ئەمما، ياقۇپبەگنىڭ مىجەزى ئوسال بولغاچقا، خەلق يەنە ‹خاقانى چىن›نىڭ كېلىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقتىن، مانجۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئەسلىگە كېلىدۇ[21]. مۇئەللىپ بۇ تارىخى جەريانلارنى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغان، دەپ ئىشىنىشكە چاقىرغان. ئەمما، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن مۇسۇلمانىنىڭ كاپىردىن ئادىللىق كۈتۈشىنى چۈشەنمەك تەس. ئەمەلىيەتتىمۇ موللا مۇسانىڭ ھەر ئىككى ئەسىرىدە، ‹خاقانى چىن›نىڭ ئادىللىقى ۋە قۇدرەتلىكلىكى ھەققىدىكى ماختاشلار ئۇچراپ تۇرىدۇ[22]. بولۇپمۇ، ‹تارىخى ھەمىدى› دە ‹خاقانى چىن›نىڭ ئادىللىقىنى ماختاپ كېلىپ، تۆمۈرلەڭنىڭ خىتاي بىلەن ئۇرۇشقىلى يولغا چىقىپ، يېرىم يولدا ئۆلگەنلىكىدەك تارىخى ھېكايىنى قىستۇرىدۇ ۋە ‹مېھرىبان ئاللاھنىڭ شەپقەت ۋە شاپائىتى بىلەن خاقانى چىننىڭ زېمىنى ۋە پۇقراسى بولۇپ، ئادىل ھۆكۈمرانىنىڭ ئىدارىسىدە بولۇشنىڭ خاتا ئەمەسلىكى›نى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ[23]. ‹خاقانى چىن› كاپىر بولسىمۇ، ئادىل ھۆكۈمران بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن مۇسۇلمان (تۆمۈرلەڭ) لارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىپ قالغانلىقىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ‹خاقانى چىن› نىڭ ئادىل ھۆكۈمران ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ،

(19) موللا مۇسا سايرامى: ‹تارىخى ئەمنىيە›، (1905. قازان) 302-301.بەتلەر.

(20) خامادا ماسامى: ‹تۈز ھەققى بىلەن جىھادنىڭ ئارىسىدا›، (مەشرىق تارىخى ھەققىدە تەتقىقات، 1993، 52. سان، 135-133. بەت)

(21) موللا مۇسا سايرامى: ‹**تارىخى ھەمىدى**›، 1986. مىللەتلەر نەشرىياتى. 627-626. بەتلەر.

(22) موللا مۇسا سايرامى: ‹تارىخى ھەمىدى›، 1986. مىللەتلەر نەشرىياتى. 300-198. بەتلەر.

(23) خامادا ماسامى: ‹19. ئەسىردىكى ئۇيغۇر تارىخىي ھۆججەتلىرىگە مۇقەددىمە›(شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلى .1983، 53. سان، 388. بەتلەر)

www.uyghurkitap.com

ئەمەلدارلىرى زومىگەر، خان كاپىر بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن يەتتە شەھەرگە ھۆكۈمران بولغانلىقىنى دەلىللىگەن. مۇئەللىپ ‹خاقانى چىن›نى ئادىل ئىدارە قىلىدۇ، دەپ غايىۋىلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئەمەلدارلارنىڭ زۇلۇمىغا بولغان قارشىنى يوللۇق ھېسابلىغان. ‹خاقانى چىن›نى سىياسىي مەركەز، يەتتە شەھەرنى ‹ھۇدۇدىتىكى يۇرت› دەپ قارىسىمۇ، پىكىر ۋە قىممەت قارىشىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن خانلىقنىڭ ئەۋزەل كۆرگەن ئىشلىرىنى قوبۇل قىلمىغان. مەسىلەن: كاشغەرگە كەلگەن دوڭ دارىن ئۆز دىنىغا مەھكەم، مۇسۇلمانلارغا ئاداۋىتى كۈچلۈك، غەيرەت ۋە باتۇرلۇقتا ھەممە مەنسەپدارلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئاچچىقى يامان ئادەم ئىكەن....ئۇ: ‹ئاتالىق غازىنىڭ قەبرىسىنى ماڭا كۆرسىتىپ بەرسۇن›، دەپ كاشغەر ئەھلىنى قىستىدى. نائىلاج قەبرىنى كۆرسىتىپ بېرىشتى. دوڭ دارىن چېرىكلىرىنى ئەكېلىپ ئاتالىق غازىنىڭ گۆرىنى ئاچتۇرۇپ، ئۆلۈكنى ئېلىپ، نۇرغۇن ئوتۇننى دۆۋىلەپ ئوت يېقىپ جەسەتنى كۆيدۈرۈۋەتتى. خالايىق ھېچقانداق ئىلاج قىلالمىدى....خىتايلار ئاتالىق غازىنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈردى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ: ‹بىر ئادەم ئۆلسە، ئۇنىڭ ياخشىلىقى كۆپ، يامانلىقى ئاز بولسا، ئۇنىڭ جېنى بىر ئايالنىڭ قورسىقىدا پەيدا بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ دۇنياغا قايتا تۆرىلىپ كېلىدۇ. مۇبادا، ياخشىلىقى ئاز، يامانلىقى كۆپ ۋە ئۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ قەرزى جىق بولسا ئات ياكى ئېشەك بولۇپ بۇ دۇنياغا قايتا تۆرىلىپ خىزمەت قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆلىدۇ ۋە يەنە قايتا ئادەم بولۇپ تۆرىلىپ بۇ دۇنياغا كېلىدۇ. ئەگەر ئۆلگەن ئادەمدە كىشىلەرنىڭ ھەققى ئازراق بولسا بۇ دۇنياغا توخۇ بولۇپ تۆرىلىپ تۇخۇم تۇغۇپ بېرىپ كىشىلەرنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىدۇ، ئادا قىلماي ئىلاجى يوق› دېگەن كۈچلۈك بىر ئېتىقادى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئېتىقادى خاتا بولسىمۇ، ئۆلگەندىن كېيىن يەنە قايتا تىرىلىدىغانلىققا ئۇلارنىڭمۇ ئىشىنىدىغانلىقى بۇنىڭدىن مەلۇمدۇر. ھەققىي ئەھۋالنى بىلگۈچى ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئۆزىدۇر[24]. جەسەتنى كۆيدۈرۈش ئىسلامدا چەكلەنگەن بولغاچقا، كاپىر ھۆكۈمراننىڭ مۇسۇلماننىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرۈشنى خىتاينىڭ تەپەككۇرى ۋە روھ قارىشىنىڭ خاتالىقى دەپ چۈشەنچىسىنى  قوشۇپ قويغان. سوغۇق قانلىق بىلەن يېزىلغان بۇ خاتىرىدە، ئىسلامدىكى ‹ئىلىم بىلەن ئادەم بىلىملىك بولىدىغانلىقى› نى ئىپادىلىگەن.

(24) موللا مۇسا سايرامى: ‹تارىخى ھەممىدى›، 1986. مىللەتلەر نەشرىياتى. 627-626. بەتلەر.

### 3 ـ ‹شەرقىي تۈركىستان تارىخى› (چىن جۇمھۇرىيىتى دەۋرى)

شەرقىي تۈركىستاننى قايتىدىن قولغا ئالغان مانجۇلار شىنجاڭ ئۆلكىسىنى قۇرۇپ، سىياسىي تۈزۈلمە جەھەتتىن چىن بىلەن ئوخشاش باشقۇرۇلىدىغان قىلىپ قويدى. ئىلگىرىكى بېقىندىلىق ئورنىدىن تېخىمۇ يېقىندىن ئىدارە قىلىنىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتتى[25]. چىن بىلەن ئوخشاش ئىدارە قىلىش ئۈچۈن چىنچە مائارىپنى يولغا قويۇپ، كەڭ كۆلەمدە چىنلىقلارنى يۆتكىدى[26].

ئەمما 1912 ـ يىلى چىن جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، موللا مۇسا قۇدرەتلىك، ئادىل دەپ مەدھىيەلىگەن ‹خاقانى چىن› يوقالدى. چىن جۇمھۇرىيىتى مانجۇلارنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە مانجۇلارغا تەۋە بولغان زېمىنلار ئۈستىگە قۇرۇلغاچقا، مانجۇلارغا تەۋە شىنجاڭ ئۆلكىسى چىن جۇمھۇرىيىتىگە تەۋە بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقى ‹مىللەتچى› دەپ ئاتالغان چىنلىقلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. مانجۇلارنىڭ زامانىدا ئەركە ئۆتكەن ۋاڭ-گوڭ ۋە ھاكىمبەگلەر چىنلىقلارنىڭ قولىغا قالغان بولسا، موڭغۇلىيەدىكى ۋاڭ-گوڭلار مۇستەقىللىققا ئېرىشتى[27]. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋاڭ-گوڭلارنىڭ ئەينى چاغدا نېمە ئويلاردا بولغىنىغا دەلىل بولغىدەك ماتېرىيالغا ئېرىشەلمىدىم.

چىن جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالى، بولۇپمۇ چىنلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى تۈركى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ھېچقانداق تەتقىقات يوق. بۇ مەزگىلگە نەزەر سالساق، 1920-1910. يىللاردا تۈركچىلىك ۋە ئىسلامچىلىقنىڭ تەسىرىدە بىر قىسىم زىيالىي، كارخانىچى ۋە ئۆلىمالار ئارىسىدا جەدىدچىلىك باش كۆتۈرۈپ، مائارىپتا يېڭىلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىسلاھات ھەرىكىتى مەيدانغا چىقىدۇ. گەرچە بۇ ھەرىكەت ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن باستۇرۇلغان بولسىمۇ، بۇ ئېقىمنىڭ تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە 1930. يىللاردىكى قوزغىلاڭلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ[28]. قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنىڭ سىياسىي مەيدانىدا زامانىۋى مىللەتچىلىك

---

(25) شىگېي توشىئو: ‹چىن دۇنياسىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى ئۆزگىرىشى-مانجۇلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرلەردە چېگرالىرىنى ئىدارە قىلىشى (ئاسىياچە چۈشەنچىدىكى تېررىتورىيە سىستېما-2. توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى. 1993)

(26) كاتائوكا كازۇتادا: ‹**مانجۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى ھەققىدە تەتقىقات**›، يۇۋسانكاكۇ، 1992.يىلى)

(27) ناكامى تاتسىئو: ‹**موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىل بولۇشى ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت**›(ئاسىياچە چۈشەنچىدىكى قوشنا ئەللەر تارىخى-3. توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى.1994)

(28) شىنمىن ياسۇشى: ‹**ئۇيغۇر قوزغىلاڭلىرى (1934-1931) ۋە مەخپىي تەشكىلاتلار**›(تارىخ ئىلمىي ژۇرنىلى ،1990.يىلى

www.uyghurkitap.com

كەيپىياتى، بولۇپمۇ ‹شەرقىي تۈركىستانلىق› دېگەننى سىياسىي ئۇقۇمنى غايە قىلىش جەھەتتىن ئورتاقلىقتا ئىگە بولغان بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن زامانىۋىچىلىق، ئىسلامچىلىق، تۈركچىلىك، بۆلگۈنچىلىك، ئاپتونومىيەچىلىك پىكىرلىرى گىرەلىشىپ كېتىشتەك بىر ئالاھىدىلىك گەۋدىلەنگەنلىكتىن، سىياسىي ھەرىكەت جەھەتتىن بىرلىككە كېلەلمىگەن. ‹ھەممىسى ئۆزىنىڭ دېيىشىغا ئۇسۇل ئويناپ› قالايمىقانچىلىقتا تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغان[29]. بۇ ئارىدا ئۆمۈرى كوتا ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى› قۇرۇلدۇ. ئەمدى بۇ يەردە ‹جۇمھۇرىيەت› بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئەمرى ، ‹شەرقىي تۈركىستان تارىخى› ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانى تونۇشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئەسلى مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى بولۇپ، 1933 - يىلى خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىغا ئەمىر بولغان، 1934- يىلى شېڭ شىسەي تەكلىپ قىلىپ ئەكىرگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىگە يېڭىلىپ قاچقان ما جوڭيىڭنىڭ تۇڭگان ئەسكەرلىرىگە يېڭىلىپ، ئافغانىستانغا ھىجرەت قىلغان. ‹شەرقىي تۈركىستان تارىخى›نىڭ ئاساسلىق قىسمىنى ئافغانىستاندىكى مۇھاجىرلىق مەزگىلىدە يازغان. 1943 - يىلىدىن باشلاپ چىن جۇمھۇرىيىتىدە پائالىيەت قىلغان. 1945- يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ۋەزىپە ئۆتىگەن. 1949 - يىلى چىن خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى شىنجاڭغا كىرگەندە، كەشمىرگە ھىجرەت قىلغان، 1952 - يىلى تۈركىيەگە كېلىپ پائالىيەت قىلغان.

‹تارىخى ئەمىنىيە› بىلەن ئوخشاش تىل ۋە يېزىقتا يېزىلغان ‹شەرقىي تۈركىستان تارىخى›[30] دا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەدىمدىن شېڭ شىسەي دەۋرىگىچە بولغان تارىخنى بايان ژانىرى بىلەن يېزىپ چىققان. بايان ئۇسۇلى جەھەتتە ‹تارىخى ئەمىنىيە› دەك ئەپسانە تۈسىدىكى شەجەرە، رىۋايەت بىلەن زىننەتلىمەستىن، تارىخى مېتود بىلەن يېزىلغان ئورتا ئاسىيا تارىخى بولۇپ، يېڭى پىكىر بىلەن زامانىۋى ئۇسلۇبتا يېزىلغان.

---

99. سان.46-1. بەتلەر). جەدىتچىلىك مائارىپى ھەققىدە ئابدۇللاھ تالىپنىڭ ‹**ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېركلار**› (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،1987.يىلىدىكى نەشرىگە قاراڭ)

(29) بۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقان ھەرقايسى كۈچلەرنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە بۇ كىتابقا قاراڭ.
Andrew D.W.Forbes: Doğu Turkistan Harb beyleri. Doğu Türkistan Vakfı yayını, İstanbul.

(30) مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا: ‹**شەرقىي تۈركىستان تارىخى**›، 1980.يىلى نەشرى، ئىستانبۇل.

بۇ ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى بىرىنچى ئالاھىدىلىك بولسا، تۈركلەرنىڭ يۇرتى - شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز ۋەتىنى قىلىپ بېكىتىپ ، تارىخى ئىسپاتلاردىن دەلىل كۆرسەتكەن. ۋەتىنىنىڭ نۇرغۇن قېتىم چىنىنىڭ تاجاۋۇزى ۋە زۇلۇمىغا ئۇچرىغانلىقىنى بايان قىلغان. مەسىلەن: مانجۇ ئىستېلاسى ھەققىدە توختالغاندا، ھىجرىيەنىڭ 124 (مىلادى 752). يىلىدىن باشلاپ چىنىنىڭ تاجاۋۇزىدىن قۇتۇلۇپ، 1006 يىل چىنىنىڭ زۇلۇمىدىن ئازاد بولۇپ، باياشات ياشىغان شەرقىي تۈركىستانلىقلار ھىجرىيەنىڭ 1172 (مىلادى 1658) - يىلىدىن باشلاپ چىنىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىدى[31]، دەپ يازسا، 1860. يىللاردىكى قوزغىلاڭ ۋە قايتا ئىستېلا قىلىنىش ھەققىدە توختالغاندا، چىنلىق ئەمرلەشكەر زو زوڭتاڭ ھىجرىيەنىڭ 1294(مىلادى 1877) - يىلى ئالتە شەھەر، تۇرپان، ئۈرۈمچىنى ئىگىلىدى، ئىستېلانى تاماملىغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاننى چىن ھۆكۈمىتى <شىنجاڭ> دەپ ئاتىدى.... شەرقىي تۈركىستانغا 4 - قېتىملىق چىن ئىستېلاسى 1977 - يىلى زو زوڭتاڭنىڭ زۇلمى بىلەن باشلىنىپ، 1932 - يىلىنىڭ بېشىدا پارتلىغان ئومۇمىي خەلقنىڭ ئىنقىلابىغا قەدەر داۋاملاشتى[32]، دەپ يازىدۇ. تارىختىكى ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئىستېلاسى ۋە ھۆكۈمرانلىقىنى چىنىنىڭ ئىستېلاسى ۋە زۇلمى، دەپ كۆرسىتىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەمەلدارلارنى <چىنلىق> دەپ ئاتايدۇ. تۇڭگانلارنى <چىنلىق> دەپ ھۆكۈم قىلىپ[33]، تۇڭگانلارنى <چىندىن كەلگەن كۆچمەن> دەپ بايان قىلىدۇ[34].

بۇغرا ئەسىردە چىنىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئىنكار قىلىپ، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئەزەلدىن چىنغا قارشى تۇرۇپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت ئاساسى نەزەرىيەنى ئوتتۇرىغا قويغان. بولۇپمۇ، مانجۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى چىنلاشتۇرۇش سىياسىتىگە قارشى پوزىتسىيەسى دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. مانجۇلار شەرقىي تۈركىستاننى قايتا ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، مەجبۇرى چىنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، تۈرك بالىلارنى چىنچە ئوقۇتۇپ، چىنچە مائارىپ بىلەن تەربىيەلىگەنلىكى، تىل ۋە يېزىقنى چىنچەلەشتۈرۈشتەك ‹يامان

(31) مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا: ‹**شەرقىي تۈركىستان تارىخى**›، 397. بەت.

(32) مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا: ‹**شەرقىي تۈركىستان تارىخى**›، 475. بەت.

(33) مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا: ‹شەرقىي تۈركىستان تارىخى›، 430. بەت.

(34) مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا: ‹**شەرقىي تۈركىستان تارىخى**›، 442. بەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



غەرەز» بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى دۇنيادىن يوقۇتۇپ، پۈتۈن يۇرتنى چىنىنىڭ بىر ئۆلكىسى قىلىۋېلىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان[35]. چىنچە مائارىپ - چىنلەشتۈرۈشنىڭ بىرىنچى قەدىمى ئىكەنلىكى، تۈركلەرنىڭ چىنىنىڭ زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش بىلەن بىرگە، تۈركلۈكلىكى ۋە مۇسۇلمانلىقلىقىنى قوغداپ، دىنىي، مىللىي ئەنئەنىگە قەتئىي سادىقلىقىنى بىلدۈرگەن[36] م. بۇغرا، مانجۇلار دەۋرىدىكى تۈركى ۋاڭ-گوڭ ۋە بەگلەرنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغان. «چىن ھۆكۈمىتىنىڭ مەنسىپىنى تۇتقان» بەگلەرنىڭ ھەقىقەتەن «چىنىنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سادىق دوستى» بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مەنسەپ ۋە شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن «چىن ھۆكۈمىتى»نىڭ پېشىنى تۇتقانلىقىنى قوشۇپ قويغان. شۇڭا، قوزغىلاڭ ياكى تىنچلىق مەزگىلىدە بولسۇن كۆرۈنۈشتە «پۈتۈن خەلق چىنىنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغانلىقى»نى تەكىتلىگەن[37]. خەلقىنىڭ يېقىنقى دەۋرىدىكى ئاساسى پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 1920-1910. يىللاردىكى جەدىدچىلىك ھەرىكىتىنى توختاتقۇزۇپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىش يولىنى توسقانلىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ھەقىقەت، دەپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭ سەۋەبىنى چىن بىلەن شەرقىي تۈركىستان مۇناسىۋىتىنى تارىخى جەھەتتىن مۇنداق چۈشەندۈرگەندە: چىن شەرقىي تۈركىستان مىللىتىنىڭ ئۈچ مىڭ يىللىق دۈشمىنىدۇر ۋە شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ۋەيران بولۇشىدىن چىنلىقلارنىڭ ھېچ پەرۋاسى بولماسلىقى تەبىئىدۇر. بۇ مىللەتنى يوق قىلماق ئۈچۈن چىن ھۆكۈمىتىنىڭ قىلغان ئىقداماتى يېقىرىدا مۇقەررەر ئۆتتى. مۇنداق ئىقداماتنى چىن ھۆكۈمىتى ئىلگىرىدە قىلغاندەك ھال ۋە مۇستەقبەلدە ھەم قىلماقنى بىلەدۇر. بولماسنى بولۇر دەپ خىيال قىلغاندەك، چىن ھۆكۈمىتىنى شەرقىي تۈركىستان مىللىتىگە دوست دەپ ئويلىساقمۇ، چىن مىللىتى دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ ئارقىسىدا قالغان بىر مىللەتدۇر ۋە ئۆزىنىڭ ئىسلاھ ۋە تەرەققىياتىغا مۇھتاجدۇر. مانا مۇنداق ھالدىكى چىن ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستانغا نېمە ياخشىلىق قىلالىسۇن. بەلكى، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ كېيىن قالغانلىقىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ مۇھىمراقى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بويىنىغا يۈكلىنىدۇ. چۈنكى، بىر مىللەتنىڭ سائادىتى ۋە ئىسلاھاتى ئۇ مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ تەبىئىي ھاجىتى ۋە ھاياتىدۇر. بۇ

(35) مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا: «**شەرقىي تۈركىستان تارىخى**»، 483-482. بەتلەر.

(36) مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا: «**شەرقىي تۈركىستان تارىخى**»، 405-404. بەتلەر.

(37) مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا: «**شەرقىي تۈركىستان تارىخى**»، 481. بەت.

ھاجەت ۋە ھاياتىنى تەمىن قىلماق ئۈچۈن ئۇ مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە پىداكارلىقى لازىمدۇر. ئۇ تەبىئىي ھاجەت ۋە ھاياتىنى تەمىن قىلماقتىن توسىدىغان ھەر مۈشكۈلاتتىن ئاشماق ئۈچۈن جىددىي ۋە دائىمىي سۈرەتتە مەھكەم تۇرماق ۋە بىر بەلا ۋە مېھنەتنىڭ قارشىسىدا قۇتلۇق بىرلىك ۋە تايانىشما كۆرسىتىپ ئۇ مۈشكۈلات ۋە بەلا ۋە مېھنەتنى يەڭمەك ئۇ مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ بويىنىغا چۈشكەن بىر مۇقەددەس پەرزدۇر. ئەمما، شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئادا قىلماققا يېتەرلىك غەيرىتىنى كۆرسەتتىلەرمۇ. مەئىلسەڭ، يوقسۇ. بەلكى ئۆز سائادەتلىرىنى تەمىن ئەتمەك ۋە تۇرمۇشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاز ساندىكى كىشىلەر ئىپتىدائى ۋە جۈزئىي تىرىشچانلىقلارغا قەدەم قويدىلەر. زەئىپ تۇسالغۇ ئالدىلىرىغا كەلگەچ ئۇ غەيرەتلىرىنى كامىلەن تەرك ئەتتىلەر ۋە پەقەت كۆڭۈللىرىدە مۇتائەسسەر بولماق ۋە ئېچىنماقتىن باشقا ئىلمى بىر ھەرىكەت ۋە بىرلىك كۆرسەتەلمىدىلەر[38]، دەپ بايان قىلىپ، چىن شەرقىي تۈركىستانىنىڭ تارىخى دۈشمىنى ئىكەنلىكى، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات يولىدىكى تىرىشچانلىقىنىڭ داۋاملىشالماسلىقىدا ئۆزلىرىنىڭ ئاجىز ۋە ئىتتىپاقسىز ئىكەنلىكىنى ئاساسىي سەۋەب قىلىپ كۆرسەتكەن. شۇڭا، خوتەن قوزغىلىڭىغىچە ئارىلىقتىكى ئۆزىنىڭ پىكرى ئىزدىنىشلىرىنىڭ جەريانىنى بايان قىلغاندا: يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ باشلانغۇچىدا شەرقىي تۈركىستان ھەر تۈرلۈك ئەسىرى قاتناش ۋە خەۋەرلىشىش ۋاسىتىلىرى بىلەن دۇنيا مەملىكەتلىرىگە ئۇلىشالمىغان مەترۇك ھالدا بولۇپ، مانجۇ ئىمپېراتورلۇقىنىڭ مۇستەملىكىسىدە ئىدى . بۇنىڭ ئۈستىگە مەركەزگە ئاغزىدىلا تەۋە بولغان چىنلىق ئەمەلدارلار، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئەسىرى مائارىپ ۋە تەربىيەدىن مەھرۇم ھالدا ئورتا چاغ (ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ) قاراڭغۇلۇقىدا ياشاتۇر ئىدىلەر.

ئوڭ ۋە سولنى پەرق ئەتكۈچىلىك ۋاقتىمدىن باشلاپ چىنلىق ئەمەلدارلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قىلماقتا بولغان زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىكلىرىنى ۋە خەلقىمىنىڭ خورلانغانلىقىنى كۆرۈپ بەكمۇ ئېچىناتتىم. بۇنىڭ تەسىرىدىن تولا

(38) مۇھەممەدئىمىن بۇغرا: ‹شەرقىي تۈركىستان تارىخى›، 505-502. بەتلەر. چىئەن بوچۈەن: ‹شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ جىنايەت يىلتىزى› (فېڭ داجېن مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن ‹ئۇيغۇرلار› قاتارلىق ئۈچ كىتابتىكى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش يىغىنىدا ئوقۇلغان ماقالىلەر توپلىمى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992. يىلى، 271-270. بەتلەر)دە م. بۇغراغا قارشى سىياسىي مەيداندا تۇرۇپ، كىتابىنىڭ قىسمەن مەزمۇنىنى تونۇشتۇرغان.

كېچەلەرنى ئۇيقۇسىز، خىيال ۋە ۋەسۋەسىلەر بىلەن تاڭ ئاتتۇراتتىم[39]، دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ ‹ئېچىنىش› سەۋەبىنى شەرقىي تۈركىستاننى بىۋاستە باشقۇرۇۋاتقان چىنلىق ئەمەلدارلارغا يۆكلەپ قويغان بولسا، خوتەن قوزغىلىڭى ھەققىدە: ‹شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىلىرى ئومۇمەن ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىنىڭ زىددىغا بولۇپ مەركەز چىن ھۆكۈمىتىگە مۇخالىپ ۋەزىيەت ئالمىغانلىقى مەلۇمدۇر. لېكىن، چىن مەركىزى بىلەن ئارىمىزدا مۇساپە بەك ئۇزۇن ھەم ئوتتۇرىدا دۈشمەن بار ئىدى . چىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنقىلابچىلارنى يامان كۆز بىلەن كۆرۈپ ھەر ياردەمنى ئۈرۈمچىگە سەرپ ئەتكىنى ئۈچۈن ئىنقىلابچىلار چىن مەركىزى ھۆكۈمىتى بىلەن رەسمەن مۇناسىۋەت پەيدا قىلماققا ئىمكان تاپالمىغانىدى[40]، دەپ يېزىپ، قوزغىلاڭنىڭ زەربە بېرىش نىشانى مەركىزى ھۆكۈمەت بىلەن باغلىنىشلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان ‹ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى› ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. دېمىسىمۇ، ھازىر چىن خەلق جۇمھۇرىيىتىدە نەشر قىلىنغان كىتابلاردا 1920-1910 - يىللاردا چىن جۇمھۇرىيىتى ئاجىز بولغاچقا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى ياڭ زېڭشىن ۋە جىن شۇرېن مەركىزى ھۆكۈمەتكە بويسۇنماي، ئۆزىچە مۇستەقىل بۆلۈۋالغانلىقى دەلىللەنگەن[41]. شۇڭا، بۇغرامۇ ياڭ زېڭشىننى ‹چىن ھۆكۈمىتى›نىڭ ئاجىزلاشقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ‹چىن ھۆكۈمىتىنىڭ ھېچ بىر ئەمرىنى قوبۇل ئەتمەي شەرقىي تۈركىستاننى كامەلەن ئىمپېراتورلۇق دەۋرىدىكى ئىستىبداتى بىلەن ئىدارە قىلدى› دەپ يازىدۇ[42]. بۇ پىكىر ئىلگىرى چىن بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخى مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى بايانلاردىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇڭا، بۇ پىكىرلەر سەۋەبىدىن 1934 - يىلى مۇستەقىللىق جاكارلىغان ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى›نىڭ قۇرغۇچىلىرى سىياسىي جەھەتتىن چىن جۇمھۇرىيىتىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇش نىيىتىدە بولغان دېيىشكە بولىدۇ. ھۆكۈمەت قۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان سابىت داموللا، بۇغرا بىلەن ‹ئىنقىلاب › ئۈچۈن مەخپىي تەشكىلات قۇرۇپ، ئەزا تەشكىللىگەنلىكى ھەققىدە ئۆزىنىڭ ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى›

(39) مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا: ‹**شەرقىي تۈركىستان تارىخى**›، 399. بەت.

(40) شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ تەتقىقات ئورنى تۈزگەن: ‹شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى›،3 . قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993. يىلى نەشرى، 15. بەتكە قاراڭ.

(41) مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا: ‹**شەرقىي تۈركىستان تارىخى**›، 553. بەت.

(42) مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا: ‹**شەرقىي تۈركىستان تارىخى**›، 601. بەت. ‹مۇستەبىت ھاكىممۇتلەق مىلتارىستلار ھۆكۈمرانلىقى› دەپ ئىزاھلانغان.

بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە بايان قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، ‹تۈرك مىللىتىنىڭ ئۆز ۋەتىنى بولغان شەرقىي تۈركىستان› دېگەن قاراش، ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى›نىڭ سىياسىي مەيدانىدىكى گېزىتىنىڭ تەشۋىقاتىغا ئۇيغۇن[43] بولۇپ، ‹شەرقىي تۈركىستان تارىخى› دىكى تارىخىي بايانلارنىڭ چىقىش نۇقتىسى ئەينى زاماندىكى ئومۇمىي سادادۇر.

بۇغرانىڭ قوزغىلاڭ جەريانىدىكى ئىپادىسى بىلەن كىتابىدىكى پىكىرلىرى ئوتتۇرىسىدا پەرق بار، بۇ بەلكىم سىياسىي ھەرىكىتى بىلەن پىكىرلىرى ئارىسىدا مەلۇم ئارىلىق ساقلىغانلىقىدىندۇر[44]. بۇغرانىڭ پىكىرلىرى ۋە سىياسىي پائالىيەتلىرى ھەققىدە باشقا ماقالەمدە بايان قىلىمەن.

### 4 ـ ‹خاقانى چىن› ۋە ‹چىن›

مەن ماقالەمنىڭ بېشىدا تىلغا ئالغىنىمدەك، ھازىر شەرقىي تۈركىستان، چىن خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلار بولسا ئەزەلدىن چىنىنىڭ تارىخىدىكى ‹جۇڭخۇا مىللەتلىرى› نىڭ بىر ئەزاسى قىلىپ بېكىتىلدى. ئۇيغۇرلارمۇ چىن خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ‹ۋەتىنىم› دەپ تونۇش تۈيغۇسىغا كىردى. ئەمما، ‹تارىخى ئەمنىيە› بىلەن ‹شەرقىي تۈركىستان تارىخى›دىكى ئىسپاتلارنى كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمدەك، ئۇيغۇرلار، مانجۇ ۋە چىن جۇمھۇرىيىتىنى ۋەتەن، دەپ ئېتىراپ قىلمىغان. يەنى، ئۆزلىرىنى ‹چىن› دېگەن دۆلەتكە تەۋە مىللەت ھېسابلىمىغان. شۇڭا، ‹تارىخى ئەمنىيە› دە ‹خاقانى چىن› دەپ يازسا، ‹شەرقىي تۈركىستان تارىخى›دا ‹چىن› دەپ يازغان. ‹چىن› سۆزىنى قوللانغاندا، ئۆزلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلىگەن. بۇ ئىككى ئەسەردە ‹چىن› مۇنداق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

‹تارىخى ئەمنىيە› بىلەن ‹شەرقىي تۈركىستان تارىخى› دىكى ‹خاقانى چىن› بولسا، كاپىر ‹ختاي› تارىخىنى بايان قىلغاندا تىلغا ئالغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۆز تۇپرىقىنى ‹يەتتە شەھەر› دەپ ئاتاپ، ئەزەلدىن باشقا بىر تارىخى سىستېمىغا تەۋە دەپ ھېسابلىغان. ‹چىن› دۆلەت نامى ئەمەس، بەلكى

(43) ‹شەرقىي تۈركىستان ھاياتى›، 1933. يىلى9. ئاينىڭ 18. كۈندىكى سانى، 1. بەت.

(44) شىنمېن ياسۇشى: ‹ئۇيغۇر قوزغىلاڭلىرى (1931-1934) ۋە مەخپىي تەشكىلاتلار›، (تارىخ ئىلمىي ژۇرنىلى . 1990. يىلى 99. سان .26.بەت).

يەر قىلىپ قوللىنىلغان، ‹تارىخى ئەمنىيە› بىلەن ‹تارىخى ھەمىدى› دە ‹خاقانى چىن›نىڭ كاپىر ھۆكۈمرانلىقىنى قوزغىلاڭچىلار ‹غازات› قىلىپ يوقاتقانلىقى، ‹خاقانى چىن› نىڭ ‹يەتتە شەھەر›نى قايتا ئىستىبلا قىلىپ، ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى بولسا، خەلقنىڭ ئارزۇسى بىلەن ئاللاھ مۇرادىغا يەتكۈزگەنلىكى قىلىپ بايان قىلغان. ئۇمىد قىلمىغان رېئاللىقنى يوللۇقلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە ئادىل بولغاچقا ئاللاھ قوغدىغان، دەپ قارىغان. بۇنىڭ ئەكسىچە، ‹شەرقىي تۈركىستان تارىخى› دا، ‹چىن› ۋە ‹چىنلىقلار› ‹يەتتە شەھەر› خەلقىگە تاجاۋۇز ۋە زۇلۇم قىلغانلىقتىن خەلق ‹ئىنقىلاب› بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى بايان قىلىنغان. مۇئەللىپىنىڭ قوزغىلاڭنىڭ سەۋەبى ھەققىدىكى تەھلىلىدىن زومىگەر ‹چىنلىقلار› نىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان پوزىتسىيەسىنى كۆرۈۋالالايمىز. ‹خاقانى چىن› ۋە ‹چىن› سۆزىنىڭ قوللىنىشى ھەققىدە ئۆزلىرىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ بايانىدىن قارىغاندا، بۇ ئىككى مۇئەللىپنىڭ تارىخى بايان ئۇسۇلى بىلەن تارىخى ھادىسىلەرگە بولغان باھاسى، يېقىندا چىندە نەشرى قىلىنغان كىتابلاردىكى ‹ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن چىننىڭ تارىخىدىكى بىر مىللەتتۇر›(45) دېگەن قاراش بىلەن تۈپتىن پەرقلىقتۇر.

‹تارىخى ئەمنىيە› بىلەن ‹شەرقىي تۈركىستان تارىخى› دىكى تارىخى بايانلارنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئىككى ئەسەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق- دەۋر ئارقا كۆرۈنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىككى ئەسەردە ئۇچرايدىغان ‹مۇسۇلمان› بىلەن ‹ختاي›، ‹تۈرك› بىلەن ‹چىنلىق› دەپ ئىككىگە ئايرىش ئارقىلىق، مانجۇ ۋە چىنلىقلارغا تۇتقان پوزىتسىيەسى، ‹قەدىمي تائىپە›دىن بولغان ئۆلىما بىلەن ‹مىللەتچى› مۇئەللىپىنىڭ تارىخى بايانىدىكى خاراكتېرى ۋە سىياسىي مەيدانى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. موللا مۇسا مانجۇلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالى، ‹خاقانى چىن› بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ، ھۆكۈمراننىڭ ئالاھىدىلىكى، ئەمەلدارلىرىنىڭ پائالىيىتىنى بايان قىلغان بولسا، م. بۇغرا شەرقىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلىۋاتقان ‹چىنلىق› ۋە ‹چىن›نىڭ ھۆكۈمەت سىياستى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلىرىنى بايان قىلغان. شۇڭا، بۇ ئىككى مۇئەللىپنىڭ كۆزقارىشىنى سېلىشتۇرغىنىمىزدا، مانجۇلارنىڭ دۆلەت چۈشەنچىسى بىلەن شەرقىي

(45) فېڭ داجېن مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن ‹ئۇيغۇرلار› قاتارلىق ئۈچ كىتابتىكى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش يىغىنىدا ئوقۇلغان ماقالىلەر توپلىمىدىكى ماقالىلارغا قاراڭ.

تۈركىستانىنىڭ سىياسىي ئەھۋالىدىكى ئۆزگىرىش پەرقلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ‹مىللەتچى› م. بۇغرادىكى بۇنداق سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزگىرىش شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈركىي مۇسۇلمانلاردا مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ باشلانغانلىقىنى، ھەتتا تەرەققىي قىلىپ سىياسىي ئېقىم بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

‹خاقانى چىن› بىلەن ‹چىن› ئاتالغۇسى يۇقىرىقى ئىككى ئەسەردىكى تونۇش پەرقى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئاجايىپ تارىخىنى چۈشىنىشكە، چىن خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئەھۋالنى ئىگىلەشكە، بۇ ئۈچ تەرەپ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يېشىدىن تونۇشقا باشلاپ بارىدۇ. بۇ ئەسەرلەردىكى تونۇش ئۇسۇلى مۇئەللىپىنىڭ زامانىدىكى ئومۇمىي خەلقنىڭ تونۇشى بىلەن بىردەك دېگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن: ‹تارىخى ئەمنىيە› دىكى ‹كاپىر› نىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى يوللۇقلاشتۇرۇش خاھىشى قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس. يەنە، ‹شەرقىي تۈركىستان تارىخى› دا مىللەتچىلىكنىڭ ئالاھىدە سىياسىي تەشەببۇسلىرى تولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەينى چاغدا ‹چىن جۇمھۇرىيىتى پۇقراسى› ئېڭى تولۇق شەكىللەنمىگەن دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. ئەمما، بۇ ئەسەرلەرنى ئەينى زامانىدىكى تارىخى كىتابلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تارىخى بايانلارنىڭ سىستېمىلىقى، كۆلىمى، پىكىر ئۇسۇلى جەھەتتىن ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، مۇئەللىپلەر خەلقنىڭ ئۆز تەشەببۇسى بىلەن كەڭ كۆلەمدە قوزغىلىش تارىخىنى ئۆزىدىكى ئىسپاتلار بىلەن بايان قىلغان بولسا، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىمۇ ئەينى زامانىدىكى سىياسىي ھادىسىلەرگە قاتناشقان خەلقنىڭ كۆز قارىشىدىن يىراقلىشىپ كەتمىگەن[46]، دېسەك خاتا بولمايدۇ.

يۇقىرىقى مۇرەككەپ جەريانلار ئارقىلىق مانجۇلار ھۆكۈمرانلىقىدىن چىن خەلق جۇمھۇرىيىتى دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى تۈركىي مۇسۇلمانلارنىڭ چىنغا بولغان تونۇشىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى ۋە سىياسىي ئەھۋالغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئومۇميلاشتۇرۇپ چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ■ مۇھەررىرى: ئادىل يۈسۈپ

(46) 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى قوزغىلاڭلار خاتىرىلىگەن تارىخى ماتېرىياللاردا ‹تارىخى ئەمنىيە›گە ئوخشاش مانجۇ پادىشاھىنى ‹خاقانى چىن› دەپ، مانجۇ ئەمەلدار ۋە لەشكەرلەرنى‹ختاي› ياكى ‹كاپىر› دەپ ئاتىغان، بۇنداق خاتىرە يەنە، موللا شاكىرنىڭ ‹زەفەرنامە› ( شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ كۇتۇپخانىسى مىللىي يېزىقتىكى كىتابلار بۆلۈمى 002848. نومۇردا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى) دېگەن ئەسىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ .

www.uyghurkitap.com

دوكتور ئۆمەرجان نۇرى[1]

# خىتايلارنىڭ ئۇيغۇر يېگەنلىكى ھەققىدىكى ئۆز خاتىرىسى

خىتايلارنىڭ دەرسلىك كىتابلىرىدا رۇسلارنىڭ مانجۇرىيەگە بېسىپ كىرگەندە خىتاي باللارنى كاۋاپ قىلىپ يېگەنلىكى ھەققىدە، چىن كىلاسسىك رومانى «سۇ بويىدا» دا ئادەم گۆشىدە مانتا تۈگۈپ يېگەنلىكى ھەققىدىكى دەھشەتلىك بايانلار بار. ھەقىقەتەن، خىتايلار ۋە رۇسلارنىڭ ئادەم گۆشى يېگەنلىكىگە دائىر يازما ماتېرىياللار نۇرغۇن. شۇڭا، خىتايلارنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى يېگەنلىكىنى رىۋايەت دەپ قالماڭكى، ھەتتا خىتايلارنىڭ ياركەندتە ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرۈپ يېگەنلىكى ھەققىدە يازغان ئۆز خاتىرىلىرىمۇ بار.

1757 - يىلى 4 - ئايدا بۇرھاندىن خوجا بىلەن ئىنىسى خوجا جاھان كۇچاردا مۇستەقىللىق جاكارلىغاندىن كېيىن، مانجۇلار ئۇلارغا قارشى جازا يۈرۈش قىلىدۇ. 1758 - يىلىنىڭ ئاخىرى قىشتا مانجۇ سانغۇنى جاۋخۇي لەشكەر باشلاپ ياركەندگە كەلگەندە، خوجا جاھاننىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ياردەمسىز ھەم ئاچ قالغان جاۋخۇينىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان لەشكەرلىرى مانجۇ قارارگاھىغا يېقىن يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى تۇتۇۋېلىپ ئەكىرىپ ئۆلتۈرۈپ يەيدۇ. بۇ ۋەقە جاۋ يى ئىسىملىك خىتاينىڭ ‹يەن باۋ زا جى› دېگەن خاتىرىسى[2] نىڭ ‹قاراسۇ بارىگاھى› دېگەن بابىدا تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنىدۇ.

‹قاراسۇ بارىگاھى مۇھاسىرىسى›: قاراسۇ بارگاھىنى مۇھاسىرە قىلىۋالغاندا، لەشكەرلىرىمىز ناھايىتى ئۇزاق يەردە قامىلىپ قالىدۇ. ئۈچ ئايدىن كېيىن پۈتۈن قوشۇن ياردەمگە كەلگەندە قۇتۇلۇپ چىقىدۇ. بۇنداق مۆجىزە ئەلمىساقتىن بېرى بولۇپ باقمىغان. ئەسلىدە سانغۇن جاۋ خۇي ياركەنت تەۋەسىگە كىرىدۇ. دۈشمەن كۆپ، لەشكەرلىرىمىز ئاز ھەم ئاتلىرىمىز ھېرىپ جەڭگە يارىمايدىغان بولۇپ قالغاچقا، بىر كەنتنى ئىگىلەپ، خەندەك كولاپ تام سوقۇپ مۇداپىئەلىنىدۇ.

---

(1) ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى، تىل ۋە تارىخ-جوغراپىيە پاكۇلتېتى، تارىخ بۆلۈمى دوكتور ئاسپىرانتى

(2) 趙翼：《簷曝雜記》，卷一，中華書局，1982，18–19页。

بۇ يەر ‹قاراسۇ بارگاھى› دەپ ئاتىلىدۇ. مۇداپىئە ئۈچۈن كولىغان خەندەك تېيىز، سالغان تام پاكار بولغاچقا، ئوغرىلار پىيادىمۇ بېسىپ كىرەلەيتتى. شۇڭا، كېچىلىرى ھۇجۇم قىلىپ، لەشكەرلىرىمىزنى خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. لەشكەرلىرىمىزمۇ ھايات قېلىش ئۈچۈن ئوغرىلارنى كۆپ قىرىۋېتىدۇ. ئوغرىلار لەشكەرلىرىمىزنىلا ئۆلتۈرۈپ، (ئۆزى چىقىمدار بولماسلىق ئۈچۈن) ئۇرۇش قىلىشنى توختىتىپ، بىر بارگاھ سېلىپ، لەشكەرلىرىمىزنى ئۇزۇن مۇددەت قورشىماقچى بولىدۇ. خۇددى لياڭ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتالمىش شەھەر قورشاشقا ئوخشاش لەشكەرلىرىمىزنى قورشاپ، ئاشلىقنى يەپ تۈگەتكەندە، ئاچلىقتىن ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. لەشكەرلىرىمىز قېچىش ئۈچۈن قۇم دۆۋىسىنى كولاپ كېتىۋاتسا، (ياركەندلىكلەر ئاچارچىلىق بولغاندا پايدىلىنىش ئۈچۈن يوشۇرۇپ قويغان) نەچچە يۈز دەن ئاشلىقنى تېپىۋالىدۇ. بۇ ئاشلىق بىلەن بىر مەزگىل جېنىنى باقىدۇ. ئوغرىلار دەريانى توسۇپ سۇيىنى بارگاھقا قويۇۋېتىدۇ. لەشكەرلىرىمىز سۇنى تۆۋەنگە باشلاپ، زاپاس سۇ قىلىپ پايدىلىنىدۇ. ھەتتا، قۇدۇق كولىغانلىكى يەردىن سۇ چىقىدۇ. بارگاھ قىلىپ ئىگىلىگەن يەرنىڭ ئەتراپىدا توغراق ناھايىتى جىق بولغاچقا، ئوتۇندىن قىلچە قىسىلمايدۇ. ئەمما، ئوغرىلار قۇش مىلتىقى بىلەن لەشكەرلىرىمىزگە ھۇجۇم قىلىپ تۇرىدۇ. مىلتىقنىڭ ئوقى يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ تۇراتتى، ھەر بىر دەرەخ كەسكەندە، ئوغرىلار دەرەخكە قارىتىپ ئوق ئاتسا، لەشكەرلىرىمىز ئوق ئاتقانلارغا زەربە بېرەتتى. مۇداپىئەلىنىش ۋاقتى ئۇزاققا سوزۇلغانسېرى ئاشلىق تۈگەپ، لەشكەرلەر ئات - ئۇلاقلارنىمۇ يەپ تۈگىتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەر پۇرسەت تاپسىلا (بارگاھقا يېقىن يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان) مۇسۇلمانلارنى تۇتۇۋېلىپ ئەكىرىپ ئۆلتۈرۈپ يەيدۇ. بەزىدە ئەر-خوتۇنلارنى تۇتۇۋالسا ئاۋۋال ئېرىنى ئۆلتۈرۈپ، جەسىتىنى خوتۇنىغا پىشۇرغۇزۇپ يەيدۇ، كېچىسى ئۇ خوتۇننى ھەممىسى خوتۇن قىلىدۇ. ئەتىسى ئېرىنىڭ جەسىتىنى يەپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۇ خوتۇننى ئۆلتۈرۈپ يەيدۇ. تۇتۇۋېلىنغانلار پۇشۇرلىشۋاتقانلارغا ئۈن چىقارماستىن قاراپ تۇرىدۇ. بىر ئەلەمدار ناھايىتى بېخىل بولۇپ، چاغان ھارپىسى كۆنى مىڭ گوگرۇي، چاڭ گوگجۈن قاتارلىقلار ئۇنىڭ چېدىرىغا بېرىپ پاراڭلىشىپ، لەشكەرلەرنىڭ ئوزۇق-تۈلۈكنى بارمىقى بىلەن ھېسابلاپ ، يەنە ئون كۈندىن كېيىن ھەممەيلەننىڭ ئەرۋاھقا ئايلىنىدىغانلىقىدىن ئاھ ئۇرىدۇ. ئۇ ئەلەمدار ماختىنىپ: -سۇجوۋ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئايىمىقىدىن يولغا چىقىپتۇ، تىشقان-تاشقان دادۇر-خاسىڭنى ئىلىشۋالغانىدىم، ھېلىمۇ بەلبىغىمدا ساقلاۋاتىمەن، دېيىشىدىكەن. بۇ چاغدا ھەممەيلەن چۇقۇرىشىپ ئالغۇزۇپ، ھەممەيلەن بىللە شۇمۇپتۇ. ئۇلار ئاغزىغا دانلىق نەرسە سېلىپ باقمىغىلى ئۇزۇن بولغاچقا، خۇشلۇقتىن گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ. ئۇلار تويۇپ قايتىپ، ئۆزئارا: ناۋادا ئەلەمدار بېگىم ساقلاپ قويمىغان بولسا، نېمە بولاتتۇقكىن تاڭ!، دېيىشىپ ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلىشىدۇ. ئۇلار 10. ئاينىڭ بېشىدا قورشاۋدا قالغاندىن بېرى، ئارىدىن 100 كۈندەك ئۆتكەن بولسىمۇ، ھايات قېلىشتىن ئۈمىد ئۈزۈلگەن ۋاقىتتا، خانلىق يۆتكىگەن لەشكەرلەر يېرىم يولغا چىقىدۇ، فۇ سانغۇن، شۇ مەسلىھەتچى ئامبال ھەمدەمچى لەشكەرلەرنى باشلاپ ئاتلىنىدۇ. ئەلەمدار بەگ گو يىئا باشلاپ كەلگەن تۆگە- ئاتلىق قوشۇنمۇ يېتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولۇپ، جەڭگە كىرىشىدۇ. جاۋ سانغۇنمۇ بارگاھتىن بۆسۈپ چىقىپ، ئوغرىلار بىلەن جەڭ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زەپەر قۇچۇپ قايتىدۇ. بۇ ۋەزىپىدە ۋەتەندىن تۈمەن چاقىرىم يىراقلىقتا 100 كۈندىن ئارتۇق قورشاۋدا قېلىپمۇ بىرمۇ ئادەمنى زەخىمگە ئۇچراتماي، پۈتۈن قوشۇننى ئامان - ئېسەن قايتۇرۇپ كېلەلىشى ئەلنىڭ ئاسماندەك بەختى بارلىقنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. گەرچە سولۇن (داغۇر) لەشكەرلەر ۋاقتىدا يۆتكەلمەي، كېچىكىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا قوشۇنىمىزنىڭ تەلەيلىكلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇ يىلى ئۇيغۇر زېمىنىنى تولۇق بويسۇندۇرۇپ بولدۇق.

ئەسلى مەتىنلەر:

黑水營之圍

黑水營之圍，孤軍陷萬里外，凡三月得全師以出，誠千古未有之奇事也。將軍兆惠既深
爾羌，賊衆我寡，且馬力疲不能衝殺，乃佔一村寨，掘濠築壘自守，即所謂黑水營也。所掘
淺，壘亦甚低，賊可步躍入，遂日夜來攻，而我兵處危地，皆死中求生，故殺賊甚力。賊懼
致死，欲以不戰收全功，別築一壘於濠外，爲長圍守之，如梁唐所謂夾城者，意我兵食盡，當
也。而營中掘得窖粟數百石，稍賴以濟。賊又決水灌營，我兵泄之於下流，其水轉資我汲飲
而，隨處掘井皆得水。又所佔地林木甚多，薪以供爨常不乏。賊以鳥槍擊我，其鉛子著枝

間，每砍一樹輒得數升，反用以擊賊。惟拒守既久，糧日乏，僅瘦駝羸馬亦將盡。各兵每乘間出掠回人充食。或有夫婦同掠至者，殺其夫，即令妻烹之，夜則薦枕席。明日夫肉盡，又殺此婦以食。被殺者皆默然無聲，聽烹割而已。某公性最嗇，會除夕，明公瑞、常公鈞等皆至其帳聚語，屈指軍糧，過十日皆鬼籙矣。某公慨然謂：「吾出肅州時有送酒肴者，所餘餖飣，今尚貯皮袋中。」呼奴取出，供一啖。時絕糧久，皆大喜過望。既飽而去，則私相謂曰：「某公亦不留此，事可知矣。」不覺泣下。蓋自十月初旬被圍，至此已將百日，無復生還望也。而上已預調兵在途，富將軍、舒參贊率以進援，果毅阿公又以駝馬至，遂轉戰而入。兆將軍亦破壘而出，兩軍相遇，乃振旅歸。是役也，地在萬里之遙，圍及百日之久，不傷一人，全師而返，國家如天之福，於此可見。然向非預調索倫兵在途，將緩不及事，於此益見睿算之遠到云。其年遂盡平回地。

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

(مانجۇ پادىشاھى چىيەنلوڭ پەرمان بىلەن سىزدۇرۇپ، پارىژدا مىس تاۋاقتا باستۇرۇپ ئەكەلدۈرگەن <غەربنى بويسۇندۇرۇش> تېمىسىدىكى رەسىملەردىن بىرى بولمىش <قاراسۇدا مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇش> نى تەسۋىرلىگەن رەسىم ھازىر بېيجىڭدىكى خان سارىيى مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ).■




چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە 2971–-2482 يىللاردا ئۆتكەن مۇتەپەككۇر، شائىر گوڭزىجېننىڭ ياتلارنىڭ تارىخنى يوقىتىش نەزىرىيىسى: 'ئوق-خەنجەر ئۆتمەيدىغان قوزغىلاڭچى' دەپ ئاتالغان يىخېتۇەنچىلەر ئەجنەبىدىن ئاران بىرنەچچە يۈزنى ئۆلتۈردى، ئەمما ئەجنەبىلەرنى دورىغان ختايدىن بىر نەچچە يۈز مىڭنى ئۆلتۈردى،خالاس. ياتنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ دۆلىتىنى يوقىتىش كېرەك، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تارىخنى يوقىتىش كېرەك. مال- بايلىقىنى كېسىش كېرەك، دىن-ئېتىقاتىنى چۆكتۈرۈش كېرەك، قائىدە-يۇسۇنىنى بۇزۇش كېرەك، قەۋرە- تاۋۇتىنى چېقىش كېرەك، ئاتا- ئۇرۇغىنى قۇرىتىش كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن تارىخنى يوقىتىش كېرەك.

清代思想家诗人龚自珍（1792–184）《古史钩沉论》：

义和团 刀枪 不入，只杀几佰洋人，却杀了 几十万洋味的中国人。灭人之国必先灭其史. 绝人之才， 湮塞人之教， 必先去史。 隳人之枋，败人之纲，必先去史。夷人之祖宗，必先去史。

ئارخېئولوگ قۇربان ۋەلى تەرجىمىسى

- باش تەھرىر: مۇسۇلمانلارنىڭ ئويغىنىشى ۋە ئۇيغۇلارنىڭ ئىدىيە مەسىلىسى
- نۇرئەھمەت قۇربان: قۇرئان تەپسىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخي تەرەققىياتى ھەققىدە
- ئەركىن ئەكرەم: مىسىردىكى سىياسىي ئۆزگىرىشلەر ۋە خىتاينىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىدىكى ئىنكاسى
- قۇربان ۋەلى: تارىم ئويمانلىقىدىكى بۆرە توتېمى
- ئالىمجان ئىنايەت: تېرو - ئىستراتېگىيە ۋە مىسسىيونېرلىق نۇقتىسىدىن شەرقىي تۈركىستان
- شىنمېن ياسۇشى: شەرقىي تۈركىستانلىقلار نەزىرىدىكى چىن
- ئۆمەرجان نۇرى: خىتايلارنىڭ ئۇيغۇر يېگەنلىكى ھەققىدىكى ئۆز خاتىرىسى